ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (3)

# جەننەت يولى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (3)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئوغلۇم مەقسەتلىرىڭگە يېتىش ئۈچۈن ھايانى دوست تۇت. ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر.

نام-ئەمەل تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق. ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر، تەقۋادار، پەزىلەتلىك ئادەملەر كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ. يامان سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقارمايدۇ.

بىلگىنكى، ھايا بىر نۇردۇر، ھەرقانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەرقانداق نەرسىدە ھايالار بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھايا ئىنسان ئۈچۈن، ئائىلە، تۇرمۇش ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھاياتقا گۈزەللىك بېرىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشقا بەخت ئاتا قىلىدۇ.

ھايا — جەننەت يولىدۇر.

ISBN 7-228-09343-7
(民文) 总定价 (三册): 60.00 元

ISBN 7-228-09343-7
9 787228 093434 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (3)

# جەننەت يولى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

伊布拉音·阿力甫·特肯作品集/伊布拉音·阿力甫·特肯著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.3
ISBN 7-228-09343-7

Ⅰ.伊… Ⅱ.伊… Ⅲ.文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 020257 号

责任编辑：安尼瓦尔·沙比提
米丽古丽
责任校对：木尼拉·木沙江

# 伊布拉音·阿力甫·特肯作品集(下)(维吾尔文)

伊布拉音·阿力甫·特肯 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号，邮编 830001）
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.25 印张 6 插页
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7-228-09343-7 总定价:60.00 元



ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

www.uyghurkitap.com

# خەنجەر شولىسى ۋە شەيتان

مۇھەممەتجان ئەمەت يارتېكىن

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئىبراھىم ئالىپ تېكىننىڭ مەزكۇر نەسرلەر توپلىمىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ خىلمۇخىل غىچە گاراڭلاردەك ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردۈم. بۇ نادانلارچە ساددىلىق ئىچىدىكى مەستخۇشلۇق بولماستىن، بەلكى سەممىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىرلەرنىڭ تاڭ نۇرلىرىغا ئوخشاش تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىنغانلىقىدىن ئىدى.

ئېھتىمال، چاقناپ تۇرغان گۈزەل يۇلتۇزلاردىمۇ ئادەملەر ياشايدىغاندۇ، بەلكىم شۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى تەبىئەت بىلەن بىر جان، بىر تەن بىلىدىغان شائىرلاردۇر. ئۇلار راستتىنلا تەبىئەتنىڭ ئەركە باللىرىمۇ؟ بۇ شەك ـ شۈبھىسىز شۇنداقتۇ ياكى ئۇنداق ئەمەستۇ. مەن تەبىئەتنىڭ باشقا كىشىلەرگە بېرىشكە قىيمىغان

خۇشاللىق ۋە ئازابلارنى شائىرلارغا ئايانماي بەرگىنىگە قاراپ شۇنداقمىكىن دەيمەن.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خاتا پىكىرلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقى بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ئەسەرلەردىكى سەممىيەتتىن گۇمان قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىم يوق. ئالىپ تېكىن نەسرلىرىدىكى كىشىلىك ھايات، مۇھەببەت، تەقدىر ـ قىسمەت، ھەقىقەت، پاكلىق ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلار، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەققىدىكى خىتابلار، تەپەككۇر چېقىنلىرى يۈز ئاچقاندىكى چاقناپ تۇرغان مېھرىبانلىقنىڭ ئالماس شەبنەملىرى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئادەم ۋە ئالەم ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ھاياتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىزگە بېرىلگەنمۇ؟ بىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟ ئاشۇ شانۇ شەۋكەتلىك نام ـ ئاتاقلار، پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلار بىزگە قاچانغىچە ھەمراھ بولىدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھاياتتىن مەلۇم مەزگىل پايدىلىنىش ھوقۇقىغىلا ئىگە. ئۇ: «باھار قۇشلىرى ئۇچۇپ كەتتى، سېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى... يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغان چاغدا سەن ئاشۇ ئېغىر، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا قاراپ ئاستاغىنا ئۇچۇپ كەتتىڭ...» («ياشلىق جىلۋىسى» دىن) دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە شەربەتتەك تاتلىق سۆيۈشلەر، سەبرىگە تويۇنغان ئۈمىدۋار كۈتۈشلەر ھەمدە تاشلارنىڭ ئېغىر سۈكۈتلىرى ھەققىدە يازغانىدى. ئۇ يەنە قاراڭغۇ ھىجران ۋە يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك تەبەسسۇم قىلىدىغان پارلاق ۋىسال توغرىلىق ئويلانغانىدى. مەن بۇ نەسرلەرنى ئوقۇۋېتىپ بەزىدە ئادەملەرنىڭ ھايات تەلقىنلىرى ئىچىدىكى

نىدالىرىنى ئاڭلىسام، بەزىدە يىڭناغۇچلارنىڭ ئىنچىكە قاناتلىرىنى تىترىتىپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندىكى ياشاش شادلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم، يەنە بەزىدە شىپالىق بىر قولنىڭ هاياتنىڭ كونا جاراھەتلىرىگە ئاۋايلاپ مەلھەم بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن يەنە ھەققانىيەت خەنجىرىنىڭ يارقىن شولىسى ئاستىدا دىر - دىر تىترەۋاتقان ھالسىز شەيتاننىمۇ خىيال قىلدىم. غالىبلار بىلەن مەغلۇپلارنىڭ قەبرىسى ئوخشاشلا مۇشۇ تۇپراق ئۈستىدە بولىدۇ. تالاي يىللاردىن كېيىن ھەر ئىككىسىنى ئەسلەيدىغان ئادەم قالمايدۇ، شۇڭا بىز بىروۋنىڭ رەسۋالىقى ئۈستىدىن ئۇزاق كۈلۈۋېلىش پۇرسىتىنى كۈتمەسلىكىمىز لازىم. بۇ شۇنچىلىكلا بىر ئالەم، باغقا كىرىش ئىستىكى — مېۋىلەرنىڭ جەزبىدىن بولىدۇ، گۈلزارلىققا قەدەم ئېلىش — گۈزەل رەڭلەر بىلەن خۇشپۇراقلارنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن، نەسرگە كىرىشىمۇ مەنە ئىزتىراپىدىن بولىدۇ. مەن بۇ نەسرلەرنىڭ بەدىئىي بالاغىتى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئەزىم مەنىلىرى توغرىلىق سۆزلىمەكچى ئىدىم. چۈنكى هاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت، ئاددىي، دەبدەبىسىز ئىبارىلەر ئارىسىدىن خۇددى گۈزەل تاڭ نۇرىدەك بالقىپ تۇرغان سەمىمىيەت بۇ ئەسەرلەرگە ئالاھىدە جەلپكارلىق ئاتا قىلغان. مەن شۇنداق ئويلايمەن، دۇنيا يالغان - ياۋىداقلار تەرىپىدىن هاپ ئېتىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ يۈرىكىدە سەمىمىيەتنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرى يەنىلا جىلۋە قىلىپ تۇرسا كېرەك.

خىيال دېگەن ئايىقى چىقماس سەپەر. ئادەم خىيال ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. تەپەككۇر — جاۋاھىراتلار بىلەن

تولدۇرۇلغان تۈگىمەس خەزىنە، ھەركىم ئۇنىڭدىن ئۆزى ئىزدىگەن مەنىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەمدى سىز بۇ يېقىملىق كۈيلەرگە قۇلاق سالغايسىز.

2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


سەرخۇش بۇلبۇللەر ........................ 1
جەننەت يولى ........................ 33
ھايات قوشاقلىرى ........................ 39
زۇمرەت ئېقىن ........................ 65
ئېغىر تىنىقلار ........................ 89
قىزىل قان ........................ 115
ئويلار ........................ 143
نىلۇپەر گۈلى ........................ 175
ئەقىدە ئىزتىراپلىرى ........................ 209
قەلبىم نېمە دەيدۇ ........................ 228
ئاڭلا، مەن مۇنداق دەيمەن ........................ 250
يىراقتىكى ئاۋاز ........................ 270
قۇتۇلغىن تەشۋىشلىرىڭدىن ........................ 290
ياق، مەن ئولجا ئەمەس ........................ 309
جىمجىت كۈيلەر ........................ 328
ھاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىدە. . . ........................ 346
سۆيگۈ تىۋىشلىرى ........................ 361
ئۇچۇۋېرىڭلار قۇشلىرىم. . . ........................ 378
ماماتىمغا دەيدىغانلىرىم. . . ........................ 394

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەرخۇش بىلىملەر

مېھرى - مۇھەببىتى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادى يوقالغان ئەلنىڭ جەننىتى بولمايدۇ. جەننەت — ۋەتەن دېمەكتۇر.

* * *

جەننەت يولىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلدى.

دوزاخ يولىدا ماڭغان ئادەملەر كىشىلەرگە گۇناھنى، زالالەتنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

* * *

ياخشى ئەمەللىرىمىز بەدىلىگە كەلگەن شان - شۆھرىتىمىز بىزنىڭ مەڭگۈلۈك شان - شۆھرىتىمىزدۇر.

* * *

سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىمەن.

ھەممە ئۆز غېمى، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقان بۇ يېگانە ئارالدا سېنىڭ ئىللىق باغرىڭنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئىسسىق لەۋلىرىڭگە سۆيۈپ تۇرۇپ سېنىڭ پاك، غۇبارسىز ئىسمىڭنى چاقىرىمەن.

مۇھەببەت ئىس - تۈتەكنىڭ ئىچىدە غايىب بولدى. ھاياتلىق يوللىرىدا تەشۋىش كۆچەيدى. بۇ قىيامەت ئىچىدە قالغان دېڭىزدا،

مەن خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن قولۋاق ياغاچلىرىغا ئېسىلىپ يېشىل قىرغاق ئىزدىمەكتىمەن.

سېنىڭ ئۇنتۇلغان ئىسمىڭنى چاقىرىمەن. مەن ئەزەلدىن سەندىن ئايرىلىپ باقمىدىم. سىرلىق ھەم ئاتەشلىك قەلبىڭدىكى شىپالىق نېمەتلەر ئىچىدە ئۆز تىرىكلىكىمنى نامايان قىلىپ ياشىدىم. قولۋاق ياغىچى تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. مەن ئاشۇ ھەسرەتلىك يولدىشىمنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرماقتىمەن.

ئەي ئانا يەر، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق، مەن ھەممە نەرسەمنى ساڭا بېرىشنى خالايمەن.

مېنىڭدە بار ھەممە نەرسە پەقەت سېنىڭ، مەنمۇ سېنىڭ. مېنىڭ بارلىقىم، بۈگۈنۈم ۋە ئەتەممۇ سېنىڭ. . .

* * *

ھەق يولدىن ئاداشقان ئۇ كىشىلەر ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە، ئۇلاردا ئەركىن ئاسمان ۋە يېشىل ئورمان يوق. ئۇلارنىڭ يېشىل يايلاقلىرىغا ئوت كەتكەن. ئۇلار ئۆز خىيالى بىلەن بەند، ئۇلارنىڭ خانىلىرى بوران ھۇۋلاپ تۇرغان زىمىستان ئايازغا ئوخشايدۇ. مەن ئاشۇ باياۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتكىنىمدە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىنى ئاڭلايمەن. مەن بۇلۇتلار ئۈستىدىكى ئادەم، يۇلتۇزلار ئاراشلىرىدىكى ئەۋلىيا. چۈنكى، مەن دۇنيانىڭ يوللىرىغا ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ھالقىغانمەن. قۇللۇق مېنى قوغلىماقتا، ئەيش ـ ئىشرەت مېنى ئالدىماقتا، گۇناھ ـ زالالەت مېنى چاقىرماقتا. . . مەن ئۇلاردىن يىراق ماكاندا يەلكەنلىك قېيىقىمنىڭ ئۈستىدە ئۆز ئېتىقادىمغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىمەن. ئەنسىز يوللاردا غەلىتە ئاۋازلار كۆپەيمەكتە.

ئەنسىز روھلار قەيەرلەرگىدۇر يول ئالماقتا.

* * *

سەن خالىساڭ، سېنى خار ۋە زەبۇنلۇق ھاۋالىلىرى بىلەن نەپەسلەندۈرۈۋاتقان، قەلبىڭنى مەنىسىز ھېكمەتلەر بىلەن ئالداۋاتقان ئاشۇ بىكۆرۈم «گۈلزارىڭ»دىن ئېلىپ قاچاي. سەن خالىساڭ، سېنى قاراڭغۇ پۈركەنجىگە مەھكەم ئورىۋالغان زۇلمەتلىرىڭگە سەرەڭگە ياقاي، مەشئىلىمنى ياندۇرۇپ ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك ئازغۇن يوللاردىن سېنى يورۇقلۇققا باشلاپ چىقاي. ئەي رەنا، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، ئەي مەبۇد، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ئەي يىغلاۋاتقان ئادەم، مەن سېنىڭ سىرلىق، جىمجىت شائىرىڭمەن. ماڭا ئەگەش دۇنيا. . .

سەن ئۆزۈڭنى ئىزدە، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە.

قەلبىڭنىڭ يوشۇرۇن ئاسمىنىدا يىپلىنجاپ يېنىپ تۇرغان مەشئەل، سېنىڭ مەشئىلىڭ. ۋۇجۇد كۆزۈڭنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى بولغىنىدا مەۋجۇدلۇقۇڭدا ئامەت بار. سەن خالىساڭ، مېنىڭ بىلەن سەيياھ بول.

* * *

ئاجىزلىقىمنىڭ ئاھۇ زارلىرىنى ئاڭلىماقتىمەن.

ئېھ رەببىم، مېنىڭ يۇمران روھىمنى ئۆز ئىسكەنجىگە ئالغان ئۇ مۇدھىش ئازابلاردىن مېنى قۇتقۇزغىن!

بوران ھۇۋلىماقتا، شىۋىرغان كۈچەيمەكتە، سارغايغان ياپراقلار تۆكۈلمەكتە. مەن دالىلاردا سەرسان. . . ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەر، جىمجىت بوستانلار رىۋايەت تۆشۈكىدە سىرلىق ئابىدىلەرنى ئىزدىمەكتە. قاراڭغۇلۇق، قىقاس ـ چۇقانلىق كېچە،

مەن تېخىچە ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئارمىنىمغا تولۇپ تۇرماقتىمەن.

ئېھ رەببىم، ئىشىك - دېرىزىلىرىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن! ئىزگۇ قەلبىڭنىڭ ئۇلۇغ ئۆستەڭلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن مۇھەببەت زەمزەملىرىڭنى ماڭا بەر.

ئاجىزلىقىمنىڭ ئاھۇ زارلىرىنى ئاڭلىماقتىمەن.

ئېتىقاد ۋە ئىمان بىلەن ماڭا جان بەر، رەببىم.

* * *

ئېيتىپ بېقىڭلار، مېنىڭ پادىشاھىم كىم؟

مەن سىلەرگە، سىلەرنىڭ كونا مەپكۇرىلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن. سىلەرنىڭ پاسىق مەبۇدىڭلارغا سەجدە قىلمايمەن. سىلەردىكى پىكىر، ئىدىيىلەرگە قۇلاق سالمايمەن. گىرىم قىلىنغان قاتمال سۆزلەرگە قاراپ قويمايمەن.

مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنى تونۇمايمەن، شۇڭا سىلەر مېنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغاندا، مەن كۆكرەك كېرىپ باش تارتىپ رەت قىلغانمەن.

ئېيتىپ بېقىڭلار، مېنىڭ پادىشاھىم كىم؟

سىلەر بۇنى بىلىسىلەر، ئەمما ئېتىراپ قىلمايسىلەر. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ پادىشاھىنى يېگانە دەپ قارايسىلەر. ھەممە - ھەممىنى ئۇنىڭ ئايىقىغا بويسۇندۇرۇشنى ئويلايسىلەر.

مەن قاچتىم، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن قاچتىم. سىلەرنىڭ مەيدانىڭلاردىن، ئىدىيە - قاراشلىرىڭلاردىن قاچتىم. مەن مېنى جەننەتنىڭ يېشىل چىمەنلىرىگە باشلاپ بارىدىغان، فىردەۋسنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى بېرىدىغان ئۇلۇغ ماكانغا سەپەر قىلدىم. مېنىڭ پادىشاھىم بار. ئۇ ئالەملەرنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىكارىدۇر. ئۇ

بارلىق ھاياتلىقلا رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇنى سۆيۈش مېنىڭ ھوقۇقۇم ۋە مەجبۇرىيىتىم. ئۇ مېنىڭ پادىشاھىمدۇر، ئالەمدىكى بار مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھىدۇر.

* * *

قۇمدەك پەرمانلار ئىچىدە قالدىم.

پەرمانلار سېپىل بولۇپ ئەتراپىمنى قورشاۋغا ئالدى. مەن قېچىشنى خىيال قىلدىم، قېچىش يوللىرىنى ئىزدىدىم، قېچىش پىلانىنى تۈزدۈم.

قاچماقتىمەن، ئەمما ئۇ پەرمانلار مېنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن چىقارمىدى. قۇشلار سايراشتىن توختىدى، ئۇلارنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. ئۇلار قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان بىر تامچە قان مېنىڭ بېشىمغا ئۇچۇپ كېلىپ قوندى. مەن چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە زەڭگەر كۆككە تىكىلدىم.

مېنى قىيناۋاتقان نەرسە ئاچلىق ئەمەس، پەرمان. مەن بۇ ساناقسىز پەرمانلار ئىچىدە ئۆز ھاياتىمنىڭ مەززىسىز دەملىرىنى كۆرمەكتىمەن. ئاچىزلىقىم ئۈچۈن يىغلىدىم، تەنھالىقىم ئۈچۈن يىغلىدىم، ئەمما تىرىكلىكىم مېنى گۈزەل بىر دۇنيانىڭ باغرىغا چاقىرماقتا، ئىزىلگەن قەلبىمنى داۋالىماقتا، روھىمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرمەكتە، قۇمدەك پەرمانلار ئىچىدە تىرىلدىم. بۇ ئۆلۈم يولىدىن ھاياتلىق ئىزدەشتۇر.

* * *

مەن سېنى بايقىدىم.

زالالەت كېمىسىدە ئولتۇرۇپ ئەس ـ ھوشۇمنى يوقاتقان شۇ

دەقىقىدە، ھالاك بولغان يۈرۈكۈمدە، قولۇقىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن خادا تاش يېنىدا غېرىب قەلبىمنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتۇپ سېنى بايقىدىم.

مېنى مەڭگۈلۈك يوقىلىش ئېقىنلىرىغا ئېلىپ ماڭغان مۆجىزىلىك ئۆلۈم ئىچىدە سېنى چۈشەندىم. سېنىڭ مىسلىسىز ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم. ئاجايىپ روشەن، جەزبدار ناخشاڭنى تىڭشىدىم، سەن كىم؟

سەن ھىدايەت، سەن بىر دەستە نۇر، سەن نۇرلۇق مەشئەل، سەن يول بەلگىسى، يارقىن خەرىتە. ھەي، قەدىرسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھايات، بۇنى چۈشەنگەن قەلبىمنى سۆيىمەن. ھايات مېنىڭ... ھاياتىمنىڭ تاكى مەن ئۆلگىچە مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنى چۈشىنىشتە، ئۇنى سۆيۈشتە. مەن ئاخىر ئۇنىڭ بىباھالىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم، مەن سېنى ئاخىر بايقىدىم. مېنىڭ بايقىغىنىم ھايات ۋە ھايات ئىچىدىكى مۇقەددەسلىك.

* * *

سېپىللار غۇلايدۇ، تاملار گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدۇ، تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك توزۇيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىز غادايغانلارنى، تەكەببۇر ئەبلەخلەرنى كۆرەلەيمىز.

نۇر قانات قاقىدۇ، يورۇقلۇق مۇقەددەسلىك پەللىسىگە چىقىدۇ. يوقالغان ئابىدىلەر تۇپراقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نام ـ ئەمىلى ياد قىلىنىدۇ، بۈيۈك دانىشمەنلەرنىڭ پاساھەتلىك سۆزى بايراق بولىدۇ.

نۇر مۇقەددەس مەشئەل!

بىز زۇلمەتلەرنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرىمىز. ئەنە شۇ دەقىقىدە بىزنىڭ قەلبىمىز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ناخشىسىنى ئېيتىدۇ.

غەلىبە.

غەلىبە، قورقۇمسىزلىقتا،
قېنى قورقۇمسىزلار؟
قېنى نۇرلۇق قەلب ئىگىلىرى؟
قېنى توسقۇنسىز جەڭگىۋارلىق؟

* * *

كەمستىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرىمەن.

ئاستا قەدەم تاشلاپ ئارقاڭلاردىن كېتىۋاتقىنىم ئۈچۈن مەسخىرىلىكمەن. ئەمما مەن جىمجىت ئەمەسمەن، مەنزىللەرگە يېتىشتىن ئۈمىدسىز ئەمەسمەن.

يوللىرىمدىكى توساقلار، ئازغان تىكەنلەر ماڭا ئايان بولسىمۇ مەن بۇ يوللارنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كەچمەيمەن، ئاقمۇنىم پۈتۈنلەي ھالاك بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆھقاپقا كىرىشتىن باش تارتمايمەن.

مېنى چەتكە قاققان دۇنيا، مېنى مەسخىرە قىلغان ھايات، مېنى تىلسىز، زوۋانسىز كۆرگەن «خوجايىن»لار ئالدىدا بۇ قەدەملىرىمنى ھەرگىز توختاتمايمەن.

مەن ھەممىنى بېغىشلايمەن، بارلىقىمنى سېنىڭ ئۈچۈن تەقدىم قىلىمەن. ھەممە نەرسەمنى ئاخىرقى بەخت، جەننەت ئۈچۈن ئاتايمەن.

تېز پۈكمەيمەن، بۇ يوللاردىكى تىل ـ ھاقارەتلەرگە تېز پۈكمەيمەن. مەن ئەنە شۇنداق تېز پۈكمەسلىك ئىچىدە ئاخىر نۇسرەت قۇچىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



* * *

ئۇلار يول مېڭىشنى بىلىدۇ.

ئۇلار يول مېڭىشنى بىلگەچكە چاتقالّىقلار ئارىسىدىن يول تېپىپ مەنزىلگە يېتىپ باردى.

ئۇلار يوللىرىنى پىششىق بىلگەچكە تار كوچىلاردىن دەخلىسىز چىقىپ كېتەلىدى.

ئۇلار يول بىلگەچكە قاپقاراڭغۇ كېچىلەردىن تەشۋىشلەنمىدى، ئېگىز - پەس يوللاردىن ئارىسالدى بولمىدى.

ئۇلاردا قورقۇنچ يوق، ئۇلاردا ئىككىلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلارنىڭ روھى يۇلتۇزلار ئارىسىدا ياشايدۇ، قەلبى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى بىلەن مەڭگۈلۈك سىرىشىدۇ.

ئۇلار يول مېڭىشنى بىلىدۇ.

ئۇلار ئەقىل - ئىدراكى بىلەن يول مېڭىپ، ئەڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

* * *

سەن يول باشلىغۇچى.

بىز ئىزلىرىڭنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، ياندۇرغان چىرىغىڭنىڭ نۇرلىرى بىلەن نىشانلىرىمىزنى ئىزەپ تاپىمىز.

سەن بىزنى باشلاپ ماڭدىڭ، سەن ئەسلىدىنلا ئۆزۈڭنى بىلگەن، ئۆزۈڭنى چۈشەنگەن ھەم ئۆزۈڭنى سۆيگەن ئادەمسەن. سېنىڭ روھىڭ قاتمۇقات قورشاۋلاردىن ھالقىغان، سەن سەھەردىكى قۇياشنىڭ رەڭدار جۇلاسى.

سەن ۋۇجۇدۇڭنىڭ بايلىقى بىلەن خۇشاللىق ياراتتىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇلۇغ ھەم شۆھرەتلىك.

قەلبىمنىڭ بۇلاقلىرىدىن ئاققان زۇمرەت ئېقىن ھاياتلىقنىڭ يېڭى بوستانلىرىنى ئاپىرىدە قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن سۆيۈملۈك ھەم قىممەتلىك.

سەن يول باشلىغۇچى، ئۆز يولىنى توغرا بېسىپ ماڭالىغان ئادەم ياخشى يول باشلىغۇچى بولالايدۇ.

* * *

سەن تەنھا يولۇچى، ئۆزىنى شاھىنشاھ سانىغان تاجدارلارمۇ يولۇچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سەن غېرىب، مۇساپىر. كۈمۈش كېسەكلەر بىلەن تام قوپۇرۇپ، ئالتۇندىن قەسىر ـ ساراي سالغان زەردارلارمۇ مۇساپىردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تاجدارلىق ۋە زەردارلىق كىشىلەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

مۇھەببەت سەممىي كۆڭۈلدە نۇر چاچىدۇ.

ئاق كۆڭۈللۈك — دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ بايلىقى.

* * *

قۇلاق سال، قەلبىم! ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سال. ئىنسانغا ھەقىقىي ياشاش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۈيۈك چاقىرىقلارغا، دەۋەتلەرگە قۇلاق سال. ھاياتنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەيدىغان، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلاۋاتقان يېقىملىق ئاۋازلارغا قۇلاق سال.

قۇلاق سال، دولقۇنلۇق دەريالارنىڭ ئىزگۈ ناخشىلىرىغا، زەڭگەر ئېقىنلارنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكىلىرىغا قۇلاق سال.

مىدىرلاۋاتقان بارچە ھاياتنىڭ تېرەن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان جۇشقۇن لىرىكىلاردا جان بار، ئاشۇ مۇقەددەس كۆچلەرنىڭ ياڭراق مۇھەببىتىگە قۇلاق سال.

زىلال سۇلارنىڭ دولقۇنلىرى ناخشا ئېيتماقتا، مەيىن شاماللار، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ جۇلالىرىنى رەڭدار شەپەق ئېچىگە چاچماقتا.

ئەي بۈيۈك ئاۋاز، يېقىملىق كۈي تۆكۈشتىن توختاپ قالمىساڭلا، سېنى ئاڭلايدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ.

* * *

ئېھ، سۆيگۈ ئىشىكى!

مەن سېنى قانداق ئېچىشنى بىلمەيمەن، سېنىڭ مۇقەددەس بوسۇغاڭدا قاچاندىن بېرى تۇرغىنىم ئېسىمدە يوق، شېرىن كېچىلەر ۋە سۆيۈملۈك كۈندۈزلەردىن تالايلىرى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما مەن سېنىڭ خەزىنەڭنىڭ يوللىرىنى تاپالمىدىم. ئويغاتقان سۆيگۈم مۆگدەپ قالمىدى، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت، كۆچلۈك ھارارىتىنى سوۋۇتمىدى.

ئېھ، سۆيگۈ ئىشىكى! مەن ساڭا تەلمۈرمەن، سېنىڭ قەلبىڭنى سېغىنىمەن، ئىلتىپاتىڭغا مۇيەسسەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ مۇڭلۇق ۋە ئىزگۈ ناخشامنى تۆكۈمەن.

ئېھ، سۆيگۈ ئىشىكى! قوللۇرۇمنى ئۇزۇتۇپ، سېنىڭدىن نېمىنى تىلەۋاتقانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ ئىدى، ئىشىكىڭنى مېنىڭ ئۈچۈن كەڭرى ئېچىپ بەرگەن بولاتتىڭ.

*   *   *

سەن تەنتەنە قىلىۋال!
بۇگۈنكى غەلىبەڭ ئۈچۈن، مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋال.
ساما قاينىماقتا، گۈلخانلاردا پىشۇرۇلۇۋاتقان قوش گۆشلىرىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىدا ئازاب بار. ئورمانلاردا ئۇۋلانغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالغىلى بولمايدۇ.
سەن تەنتەنە قىلىۋال! ناغرا - سۇنايلىرىڭنى چېلىپ، ياغاچ ھەم تۆمۈر پۇتلىرىڭ بىلەن ئېگىز - پەس دەسسەپ، ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغ بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلىپ تەنتەنە قىلىۋال.
مەن سېنى يول بويىدا تۇرۇپ تاماشا قىلاي.
جەبرى - جاپا ئىچىدە قالغان ھايات، مەن ساڭا مەڭگۈلۈك قەلبداشمەن، سېنىڭ مىسلىسىز ئازابلىرىڭ ئىچىدە ياشايمەن، ساڭا ھېسداشمەن، سېنى سۆيىمەن.

*   *   *

ئالدانماسلىقمۇ بىر خىل تالانت. لېكىن بۇ خىل قابىلىيەت كۆپ ئادەملەرگە نىسىپ بولمىغاچقا، ھاياتلىق سەھنىسىدىكى تالاي ئادەملەر ئاددىي سۆز - ئىبارىلەرگە ۋە ئاددىي ئادەملەرگىمۇ ئالدىنىپ كېتىدۇ.
سەن ھاياتىڭنى ھەرگىزمۇ بىخۇد ھالەتتە ئۆتكۈزۈۋەتمە. چۈنكى بىھۇدە ئۆتكەن ھايات ئالدانغان ھاياتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

دۇنيادىكى بۈيۈك پىكىر قىلىشۋاتقانلارنىڭ كۆپىنىڭ تاشتەك ئېغىر، پىلدەك تەمكىن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. لېكىن بۇ ئادەملەر كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەرگە تاشتەك ئېغىر، پىلدەك تەمكىن بولغان ئەمەس.

* * *

تەكەببۇرلارنى دوست تۇتما، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇشنى ئارزۇ قىلما. ئەگەر شۇ خىل ئارزۇ بىلەن يول يۈرۈۋەرگىنىڭدە، مەنزىلگاھىڭ مەڭگۈلۈك ھالاكەتخانا، خالاس.

* * *

مەن كونا بىر خارابە، ئەمما كىشىلەر مېنى يېڭى ئىسىم بىلەن چاقىرىدۇ. بۇ يېڭى ئىسىمنى ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ قامۇسلىرىدىن ئىزدەپ تېپىپ قويۇپ قويغان.

مەن قەدىمي بىر قەلئە، ئەمما كىشىلەر مېنى بۈگۈنكى لۇغەتلەرنىڭ چىرايلىق سۆزلۈكلىرى بىلەن ئاتايدۇ، مېنىڭ قەدىمىيلىكىمگە چەك قويىدۇ.

مەن ئەزەلدىن ئۇخلاپ قالمىدىم، ئەمما سۈكۈت مېنىڭ روھىم بولدى. دۇنيادىكى بارلىق دەريالارنىڭ دولقۇنلىرى يۈرىكىمدە ئۇلۇغ ناخشىسىنى توختاتمىدى.

* * *

ھەقىقەتنى ھەقىقي مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرەلىگەن ئىلىمگە

ئىشەن. ئىنسانىيەت مانا مۇشۇنداق ئىلىمگە موھتاج.

*　*　*

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى بۈيۈك سادالىرى بىلەن نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

*　*　*

پىتنە — ئاجىزلارنىڭ چارىسى.

*　*　*

ئۈمىدمۇ كۈتكىلى بولمايدىغان كىشىلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئېتىقادسىزلاردۇر.

*　*　*

سەن ئۆزۈڭنى سەزمىگەن ھەم كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەن ۋاقتىڭ — جەننەت يولىدىن ئاداشقان ۋاقتىڭدۇر.

*　*　*

ھەقىقەتنى توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشقىلار ئاسانلا چۈشىنەلەيدىغان سۆزلەرنى دەيلى ھەم ئۆزىمىز ماڭالايدىغانلا يولدا ماڭايلى.

ھەق سۆزلەرنى پەقەت جەننەت يولىدا كېتىۋاتقانلار كۆپرەك يەتكۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

ئۆزىمىز ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەسلىكىمىز — دەھشەتلىك ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىمىز.

* * *

بىزنىڭ ئويلايدىغىنىمىز پەقەت يەپ ـ ئىچىش، ئويۇن تاماشا ۋە تەگرىنى ئالدايدىغان ساختا ئىبادەت بولغاندا، بىز پۈتۈنلەي ھالاك بولغان بولىمىز.

* * *

ئۇ دۇنيادىن ئاغرىندى، ئىنسانىيەتنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن شىكايەتنامە يازدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ چىن قەلبى بىلەن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلاپ تۇراتتى.

* * *

ئىنسانلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى يېگىدىن ـ يېگى قانۇنلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

* * *

كىشىلىك دۇنيادا يەككە ـ يېگانە ياشىيالايدىغان كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ مۆرىۋەتلىرىدۇر.

* * *

شائىر دۇنيانىڭ بازىرىنى ئۆزىنىڭ كامالەت دېرىزىسىدە

تۇرۇپ كۆزەتتى. ھاياتنىڭ قورقۇنچلۇق تراگېدىيىسىگە ئەسرا بولغان بۇ كىشى دۇنيا بىلەن بىرگە نەپەسلىنىشنى شەرەپ ھېس قىلدى.

*　*　*

ھەيۋەتلىك تاغلار گىگانت ئادەملەرنىڭ ئۇستازى. گىگانت ئادەملەر تاغلاردەك باتۇر ھەم كەمتەر بولىدۇ.

*　*　*

مۆمىنلەرگە ياخشىلىق قىلماق ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر.

*　*　*

خورازنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئويغىتالمىغان ئادەمنى ئېشەكنىڭ بىيېقىم ئاۋازى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ.

*　*　*

بىھۇش روھىمىزنىڭ داۋالىيلى. يۈكسەك ئەقىدىلەر چوققىسىدىكى شائىرلارنىڭ ئىزگۇ چۇقانلىرى قاخشال ئاۋازلاردەك ئېغىر تاشلارنىڭ تەكتىگە مەھكۇم بولمىسۇن.

*　*　*

ھايۋان ياكى ئىنسان بولسۇن ئۆز ۋۇجۇدىدىكىنى سۆزلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكەت ئادرىسى

* * *

مەڭگۈلۈك ئازابنى ئېتىقادسىزلىق ياكى مۇھەببەتسىزلىك پەيدا قىلىدۇ.

* * *

ۋىجدان ھاقارەتتىن تۇغۇلىدۇ.

* * *

ئانىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى مېھىر - مۇھەببەتتۇر.

* * *

تىل دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە تەقدىرىنى تۇرلۇك ئاۋازلىرى بىلەن شەرھلىدى، ئۇ يەنە كائىناتنىڭ سىرى، ئاللاھنىڭ كۇچى ۋە غايىب دۇنيا ھەققىدىمۇ سۆز قىلدى. ئۇ ئەنە شۇنداق يۇگەنسىز ئات.

* * *

شېئىر مۇقەددەس ناخشا. شۇ مۇقەددەس ناخشىنىڭ ئۆزى ئادەم ۋە تەبىئەت.

* * *

ئۆزۈڭنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىڭنى يۇكسەك ئەمگەكلىرىڭ ۋە مەزمۇنلۇق ئاۋازلىرىڭدىن بىلگىن.

* * *

بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ قالغان قاباھەتلىك گېپىڭ سېنىڭ ھالاكىتىڭگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

* * *

رېئاللىقنىڭ تراگېدىيىلىرى بار. بىز ئۇنىڭ مىڭ تۈرلۈك مۇزىكا ۋە ناخشىسىنى ئاڭلاپ ياشايمىز.

* * *

ھەقىقەت چەكلىمىگە ئۇچرىغان زامان ۋە ماكان سىنىڭ ئەمەس.

* * *

ياخشى ئادەم دېگىنىمىز، باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئادەمدۇر ھەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلدۇرمايدىغان ئادەمدۇر.

* * *

ئىنسانىيەتكە ئۇلۇغ سىراسلارنى قالدۇرماي تۇرۇپ، كاتتا سىراسلارنى ئاپىرىدە قىلغانلارنى ئەيىپلەش ئىنساپسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

ئىنسانغا ئۇلۇغلۇقنى بەخش ئەتكۈچى نەرسە — قىزغىن مۇھەببەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*  *  *

گۈزەللىك رەزىللىكنىڭ قېرىندىشى.

*  *  *

مەيلى ئادەملەر بولسۇن ياكى ھايۋانلار بولسۇن ئۆلارنىڭ ھۆجرىسىدا يوشۇرۇن سىرلار ساقلانغان. بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىز بۇنى تونۇپ يەتكەندە دۇنيانىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلىنىدۇ.

*  *  *

ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ئېشەكنىڭ ئاۋازىدۇر. بىراق، جەمئىيىتىمىزدە ئېشەكنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يېقىمسىز ئاۋاز چىقىرىدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

*  *  *

ۋاپادارلار تەبىئەتتىكى ئاددىي شەيئىلەرنىمۇ ئۆزىدەك سۆيىدۇ.

*  *  *

مۇھەببەتنىڭ نۇرلىرى قەلب ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان كىشىلەر ھەقىقەتچىلەردۇر.

*  *  *

رېئاللىقنىڭ ھېسابسىز سوئاللىرى بىزنى ئوراپ تۇرغان شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتتى، بىراق بۇ تولىمۇ كېچىكىپ ئويغىنىش

ئىدى.

*  *  *

كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ تىنىقلىرىدا تەڭرىنىڭ گۈزەللىكى بار. بىز كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدلۇقتىن تەڭرىنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى تاپالايمىز.

*  *  *

بۇ يەردە خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت بار، بۇ يەردە ئەلەم ۋە غېرىبلىق بار — بۇ نۇرلۇق تراگېدىيە. مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى مانا شۇنداق قارا قىسمەتلەرنى يېڭىشتىن كېلىدۇ.

*  *  *

ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىز ئۇنىڭ بىرلىكىدىن بىلىمىز. دۇنيادا يېگانە نەرسىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىسپات كۆپ. قۇياش، ئاي... بىرلىك يۈكسەكلىكنىڭ نامايەندىسى.

*  *  *

تۇرمۇشنىڭ ئاددىي سوئاللىرى گاڭگىرىتىپ قويغان ئادەم، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

*  *  *

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئازابلىرىغا سەبىي بالىلاردەك ياش تۆككەن شائىر خۇداغا ئەڭ يېقىنلاشقان شائىردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

بىزنىڭ ئوبرازىمىز مىللەتچىلىكىمىز بىلەن ئەمەس، ئىنسانپەرۋەرلىكىمىز بىلەن تەكىتلەنگىنىدە بىز دۇنيانىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالىمىز.

* * *

بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزدا ھاياتنىڭ ئەلىمى، تەنھالىقى، غېرىبلىقى ئىپادە تاپمىغىنىدا، بىز ئۇنى قەتئىي شېئىر دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز.

* * *

چىدىغۇسىز تەنھالىق بۈيۈك روھقا ئىگە قىلىدۇ ياكى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

* * *

مەن ئۆچەككە كىرگەن ھايۋاننى كۆرگەنمەن، يەنە ئۆچەككە كىرگەن ئادەملەرنىمۇ كۆردۈم. مىنىڭ ئەپسۇس، بۇ ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

سۆزلىمىسە بولمايدىغان مەسىلىلەرنى توغرا، ھەق يولدا تۇرۇپ سۆزلەش كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ غۇرۇرى.

*　*　*

بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى بەخت — ھۆرلۈك.

*　*　*

غۇرۇرۇڭ بولمىسا، سېنى چۈمۈلىمۇ بوزەك قىلىدۇ.

*　*　*

بىراۋ: «بىزنى غەپلەتتە قالدۇرغىنى ناخشا ـ مۇزىكا» دېدى. پەيلاسوپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ رەددىيە بەردى: «بىزنى غەپلەتتە قويغىنى ناخشا ـ مۇزىكا ئەمەس، ناخشا ـ مۇزىكىغا ھەددىدىن ئارتوق بېرىلىپ كىتىش».

*　*　*

مەن خەلق شېئىرلىرىدىن قىسمەتلىك ھاياتىمىنىڭ تارىخىنى كۆرۈپ قالدىم. شېئىرنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ راست سۆزلەيدۇ.

*　*　*

كونا سۆزلەر يېڭى ئەۋلادلارنى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ.

*　*　*

ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ئالىي سۈپەت قىــزلارنــىڭ شوخ كۈلكىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئۇخلاپ قالغان ئىستەكلەرنى ئويغىتالىغان مۇھەببەت ساختا مۇھەببەتتۇر.

*　*　*

شەھۋەت — ئىنسان تەبىئىتىدە غەليان كۆتۈرگەن ھەۋەس ئوتلىرىدۇر.

*　*　*

تەڭرى تۈرلۈك ئەرزىيەتلەر بىلەن بىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇس، بىز بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمايمىز. بەلكىم بۇ تەبىئىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا كېرەك.

*　*　*

بىزنىڭ ئادەملىكىمىز ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتىمىزدىن تۇغۇلىدۇ.

*　*　*

دۇنيا ھەۋەس ئوتلىرىنىڭ ئىللىق ئېقىنلىرى ئىچىدە يېڭى مەناغا ئىگە بولىدۇ.

*　*　*

كەمتەرلىكتىنمۇ يۇكسەك ئەخلاق بولمىسا كېرەك.

*　*　*

زۇلۇم ۋۇجۇدلارنى ئەزدى، روھنىڭ پىغانلىق، ئاچچىق كىشنەشلىرى جان - جەھلى بىلەن زېمىنغا تارىدى، ئۇياتلىق يەرلەر ئېچىلىپ قالدى، روھ - روھنى، تەن - تەننى تونۇمىدى، مۇھەببەت ئۆلدى. ئىنسانىيەت يېگانىلىقنىڭ قاخشال باياۋانىغا كىردى.

*　*　*

بىز قانچە كۆپ قۇربان بەرسەك، دۇنيا بىزگە شۇنچە گۈزەل، شۇنچە مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

*　*　*

گۈزەللىك — ھاياجان ۋە ئورنىنىشتىن ئاپىرىدە بولىدۇ.

*　*　*

كەمتەرلىك ئەخلاقنىڭ ئۆزىدۇر، دۇنيا ئەنە شۇنداق ئەخلاق ئىگىلىرىنى مۇھەببەت بىلەن سۆيىدۇ.

*　*　*

ئايال — بىز سۆيگەن، ئەمما بىزنى ئالداپ يۇرگەن پەرىشتە.

*　*　*

ئاياللارنىڭ تېنى شېئىرنىڭ ئۆكسىمەس بۇلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

* * *

مەدەنىيەت — يۈكسەك قىزغىنلىقنىڭ مېۋىسى.

* * *

ئاياللار — زېمىندىكى يېگانە تۇپراق، ئىنسان شۇ تۇپراقنىڭ ئەڭ شېرىن مېۋىسى، ئۇ ئۇلۇغ قىزغىنلىق ئىچىدە يارىتىلغان.

* * *

ياپراقلارنىڭ شۇرلىشى دەرەخلەرنىڭ تىرىكلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ.

* * *

دەريا زېمىنغا قۇلاق سالدى. ئۇ دولقۇنلاندى، چۇقان كۆتۈردى.

* * *

ئېتىقاد — چوقۇنۇشتۇر. بىز يۈكسەك چوقۇنۇش ئىچىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز.

* * *

ئىنساننىڭ ئەسەبىي ئاۋازى بولمىسا، دۇنيا نە بولسۇن! دەريانىڭ ئەسەبىي ئاۋازى بولمىسا، ئورمان نە كۈلسۇن! دۇنيا تۈرلۈك ئاۋازلار بىلەن داۋام قىلىپ بارىدۇ.

* * *

تەگرى ئۆز سىرلىرىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەل ئېتىكىگە يوشۇردى، ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭ ھېكمىتىدىن تەگرىنى كۆردى.

* * *

بىزنىڭ قەدەملىرىمىز يېڭىدىن - يېڭى يوللارنى ئېچىپ بارىدۇ.

* * *

ئاياللارنىڭ ھەقىقىي كۆڭلى يوشۇرۇن بولىدۇ، ئۇ ئەرلەرنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

* * *

تەگرى يوشۇرۇن، مەۋھۇم ھەقىقەتلەرنى بىزگە ئاشكارا قىلىپ بەرى.

* * *

يۈكسەك ئەقىل ئىنساننى قۇترىتىۋېتىدۇ.

* * *

مەغلۇپ بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ نىشانىدىن ئازغان ئادەمدۇر.

* * *

ئەخلاقنىڭ ئەڭ كۆركەم، چىرايلىق يېپىنچىلىرى ئىنسان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تەبىئىتىنى ياپالمايدۇ.

* * *

ئەخلاق دۇنيانى تۇزەپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئالغا سىلجىتىدۇ.

* * *

سەن ھەممە نەرسەڭنى يوقاتقاندا دەرەخ شېخىدا قۇرۇپ قالغان يوپۇرماق بولۇپ قالىسەن، ئازابلىق دەرەخ ناخشىسى بۈيۈك سادا بولۇپ، سىينىڭ يېنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، سەن بۇنى سەزمەيسەن.

* * *

تەڭرى ئىنسانغا ئىختىيارلىقنى بەردى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز بىشىمچىلىق تەڭرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

* * *

يوقىلىش دەقىقە ئىچىدە بولىدۇ، غەلىبىمۇ دەقىقە ئىچىدە بولىدۇ.

* * *

بىزنىڭ قەلبىمىز سىرلىق ئالەمگە يۈزلەنگەندە، تەڭرى سەلتەنەت كۈرسىدا بىزنى ياد ئېتتى.

* * *

ئۇ نۇرغۇن مېۋە تىكتى، لېكىن چۆل توغراقلىرىدەك قۇرۇپ كەتتى. سەن مېۋە تىكتىڭ، لېكىن مېۋەڭ ھوسۇل بەردى. بۇ شۇنداق بولمىسا بولمايدىغان تەقدىر، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەيران بولمايمىز.

* * *

ئىنسان كىيىمسىز ئىدى، كېيىن كىيىم كىيدى. ئۇ بارا ـ بارا ئۆز تېنىنى ئازابلاۋاتقان، قىسىۋاتقان نەرسىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئاخىر كىيىمنى سېلىپ تاشلىدى. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى.

* * *

زېمىن خەزىنىلىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ئۇنى خالىغان ئادىمىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىلىرى ئالىملاردۇر، تەقۋالادۇر، مۆمىنلەردۇر.

* * *

كۆپ ئۇخلىغان ھەم كۆپ يېگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

* * *

ئىنسان مۆتىۋەرلىرى ئۇلۇغ ئەقىدىلەردىن يارىتىلدى، پاك قەسىرلەردىن تۇغۇلدى، تەنھالىقىنىڭ باياۋانلىرىدا مۇكەممەللەشتى،

ئەخلاقنىڭ باغچىلىرىدا كۆركەملەشتى، تەڭرى ئۇلارنى شۇڭا ياخشى كۆرۈپ قالدى.

* * *

كىشىلىك ھاياتنىڭ يېڭى مەزمۇنلىرى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ كۆڭۈللۈك سۆھبىتىدىن كېلىدۇ.

* * *

تەڭرى ياخشى كۆرگەن كىشىنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

* * *

مىننەتسىز ئەقىدىلەر جۇلالىق ۋە بالاغەتلىك بولىدۇ.

* * *

ھەقىقەتنى يۇرەكلىك تەشەببۇس قىلالىغان ھەقىقەت — ھەقىقەتتۇر.

* * *

ئەقىل ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنى يۇكسەك بولمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتقان ئادەمنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

* * *

بىزنىڭ قەدەملىرىمىز ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ پاكىز قەلبىگە قاراپ يۇزلەنسۇن. ھەقىقىي مۇھەببەت ئەنە شۇنداق ئوتلۇق يۇزلىنىشلەردە تاكامۇللىشىدۇ.

* * *

تەپەككۇر — چوڭقۇر ھەم يۈكسەك خىياللارنىڭ مۆجىزىسى.

* * *

ئىزگۈلۈك كۆزلەر دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھەقىقىي كۆرەلەيدۇ.

* * *

بىزنىڭ پايدىسىز ئەسلىمىلىرىمىز ھالاكىتىمىزنىڭ خەرىتىسى بولۇپ قالدى.

* * *

تەڭرى كائىنات ۋە زېمىننى ئۆزىدەك پاك ياراتتى، بىراق ئۇنى ئىنسان قەدەملىرى يەتكۇدەك بۇلغىدى.

* * *

باشقىلارنى كەمسىتىشمۇ يېتەرلىك زۇلۇم.

* * *

بىزنىڭ گۈزەل ئىدىيىلىرىمىز چەكلىمىگە ئۇچرىغان جايدا بىزنىڭ تەنھالىقىمىز باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

مەن چەكسىز ئىزتىراپلار ئىچىدە شۇنداق چۇقان كۆتۈرىمەن:
«روھ سۆزلىسۇن! ئۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىزنى سۆزلىسۇن!»

* * *

شائىر — مەڭگۈلۈككە يۈزلەنگەن غەۋۋاس.

* * *

سەن ئۆزۈڭنى يارات، مەڭگۈ يېڭى تىل بىلەن سۆزلە، يېڭى ئىدىيە بىلەن كائىنات ۋە ئىنسان ھەققىدە سۆزلە، تەسەۋۋۇرلىرىڭ بوغۇلمايدىغان دۇنيا ھەققىدە ئىزدەن. غالىبلار ئۆز ئىستەكلىرىگە يەتمەي قالمايدۇ.

* * *

قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى كىممۇ يىغالىسۇن،
توزغاقتەك تىتىلىپ كەتكەن روھلارنى كىممۇ جۇغلىيالىسۇن.
ئاھ رەببىم! بىزگە ئۇلۇغ ئېتىقاد، پاك ئىمان ئاتا قىلغىن!

* * *

مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىم ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئىشنى بىجاندىل، ئەستايىدىل قىلالىغىنىمدا. مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئانا تۇپرىقىمنى چىن قەلبىمدىن سۆيەلىگىنىمدە.

*   *   *

ئىنسان مەغلۇبىيەتلىرى ئاچچىقلىنىشتىنمۇ مۇستەسنا ئەمەس.

*   *   *

ھەربىر ئىنسان ئۆز ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىزغىنلىقنى ھەۋۋا ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئايرىپ قارىسا بولمايدۇ، بۇ مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىدۇ.

*   *   *

بىز تۇرمۇشىمىزغا، ھاياتىمىزغا ۋە ئىنسانلار قەلبىگە يۈكسەك مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىققا تولغان قەلبىمىزنى بېرەيلى. مانا بۇ ئىنسانلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى.

*   *   *

ھەقىقەتلەر يېزىلىشى كېرەك، قامۇسلارغا پۈتۈلمىگەن ھەقىقەتلەرنى ئەۋلادلار قانداق بىلسۇن، بۈيۈك ھەقىقەتلەر ئۈچۈن قەلەملەرنىڭ سىياسى قۇرۇماسلىقى كېرەك.

*   *   *

باتۇرلارنىڭ تىلى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ تىلىدۇر.

*   *   *

بۈيۈك سادالار قەلبلەرگە بۆسۈپ كىردى. تۈنجۈققان

ئىستەكلەر ئويغاندى، قەلبلەر چوقان كۆتۈردى، يېڭى دۇنيا تۇغۇلدى.

* * *

ئەتراپ قاراڭغۇ، بىزنىڭ كۆزىمىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپ كۈندۈز، بىزنىڭ كۆزىمىز ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

* * *

ئىنسان تراگېدىيىلىرىنى بىخودلۇق كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ بىخودلۇقى تۈپەيلى قولىدىكى گۆھەرنىڭ گۆھەر ئىكەنلىكىنى بايقىيالمىدى. ئۇ قولىدىكى گۆھەرنى ئويۇنچۇقتەك دەرياغا تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ تاشلىۋەتكىنى ھايات ئىدى.

* * *

ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىز ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىلا ھېس قىلدۇق، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتنى ھېس قىلالمىدۇق.

* * *

ئادەملىكىمگە ئەخلاق ۋە ئېتىقادىم گۇۋاھ.

* * *

ئىنسان يېگانە كائىنات، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەسەۋۋۇرسىز بايلىقلار سىڭگەن. بىز بۇنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمەيمىز.

# جەننەت يولى

ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، مەن ساڭا جەننەت يولىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ھېكمەت سۆزلەي.

مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئەبەدىيلىك راھەتنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس يولدا ئىكەنلىكىنى سېنىڭ قەلبىڭگە بىلدۈرەي، سېنىڭ روھىڭغا سىڭدۈرەي، سېنىڭ يوللىرىڭدا كۆرسىتەي. ساڭا ھاياتلىق بەرگەن، ئەقىل - پاراسەت ئەينىكىڭنى نۇرلاندۇرغان ، ئىمان ۋە ئېتىقادىڭنى يورۇتقان بۈيۈك ھەقىقەتنى سۆي، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈلۈكتە تەڭداشسىزدۇر. جەمئىي ماختاشلار، ھەمدۇسانالار ھەقىقەتكە خاستۇر.

بارلىق يامان ئىشلاردىن پاك بولغان، سەلتەنەتىدە تەڭدىشى بولمىغان ھەقىقەتنى سۆيۈش، ئۇنىڭ يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئۇنىڭ يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، پۇل - ماللىرىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلىش، جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش جەننەت يولىدۇر.

* * *

ئوغلۇم، ھەقىقەت سېنىڭ دىلىڭدا مۇھەببەت پەيدا قىلدى، ۋۇجۇدۇڭغا ئەقىل - ھوشنى بەردى، روھىڭنى ئىمان بىلەن مۇكاپاتلىدى، جىسمىڭغا كۆچلۈك پاراسەت ئاتا قىلدى. ھەقىقەتنىڭ ساڭا بەرگەن بۇ ئېسىل نېمەتلىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ بۈيۈك ئەمرىگە ئىتائەت قىلغىن. ئىبادەتنى تەرك ئەتمە، ئاتا - ئاناڭغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، خولۇم -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قوشنىلارغا، دوستلارغا، يېتىم - يېسىرلەرگە ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن، ئۆزۈڭ سۆيگەن نەرسەڭنى ئايىما. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىش جەننەت يولىدۇر.

* * *

ئوغلۇم، مەقسەتلىرىڭگە يېتىش ئۈچۈن ھايانى دوست تۇت. ھايا ئىمانىنىڭ جۈملىسىدۇر.

نام - ئەمەل تارازىسىدا چىرايلىق خولۇقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق. ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلاردۇر، تەقۋادار، مۆمىن، پەزىلەتلىك ئادەملەر كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقارمايدۇ، كوچىلاردا سۈرەن سالمايدۇ.

بىلگىنكى، ھايا بىر نۇردۇر، ھەرقانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەرقانداق نەرسىدە ھايالا بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھايا ئىنسان ئۈچۈن ، ئائىلە، تۇرمۇش ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھاياتقا گۈزەللىك بېرىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشقا بەخت ئاتا قىلىدۇ.

ھايا جەننەت يولىدۇر.

* * *

ئوغلۇم، سەن كائىناتنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، كائىنات سېنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ. سەن كائىناتقا قانچىلىك مۇھەببەت بەرسەڭ ئۇ ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى سەندىن ھەرگىزمۇ ئاياپ قويمايدۇ. سەن دۇنياغا ئەقىدە قىل، دۇنياغا ئەقىدە قىلغان ئادەمنىڭ قەلبى ھىدايەت تاپىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى ۋە

ئۆزگىنى سۆيۈش ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ھەققەتكە ئىشىنىشتۇر.

* * *

ئوغلۇم، ھەقىقەت يولىدىن ئېزىپ كېتىش جەننەت يولىدىن ئېزىپ كېتىشتۇر. مۇناپىقلار، خائىنلار ئەنە شۇ مۇقەددەس يولدىن ئازغانلاردۇر.

بىلگىنكى، ھەقىقەت بىزنى ئادىل بولۇشقا، ھەققانىي بولۇشقا، ئاتا ـ ئانىمىزغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى. بىزنى ئاق سۇتلىرى بىلەن مۇھەببەت بېرىپ چوڭ قىلغان ئاشۇ مېھرىبانلارغا كۆيۈنۈشكە بۇيرىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇگۈن ۋە ئەتىلىك خىزمىتىدە بولۇش پەرھىز ئىبادەتتۇر. تەگرىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۇچۇن مۇنداق قىلىش ياخشىلىقتۇر، ئۇلۇغ ئەقىدە ۋە ئەمگەكتۇر.

* * *

ئوغلۇم، ھايات بىزگە غەنىيمەت، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسىلىرىمىزنى ھايات بېرىدۇ، ئولۇغۋار مەقسەتلىرىمىزگە ھايات ئارقىلىق يېتىمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتىڭنى قەدىرلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇنى چىن ئېتىقادىڭ بىلەن سۆيۈشۈڭنى تاپىلايمەن.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۆلۈم يېتىشتىن بۇرۇن ھاياتلىقنى ئېزىزلاش، كېسەل كېلىشتىن بۇرۇن ساقلىقنى قەدىرلەش، قېرىلىق نېسىپ بولۇشتىن بۇرۇن ياشلىقنى سۆيۈش، مانا بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشتۇر.

مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتتە، مەڭگۈلۈك بەخت پۇرسەتتە.

بىلگىنىكى، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نېمەت بار. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىدۇ.

* * *

ئوغلۇم، ئۆز ئېتىقادىڭنى قوغدا. ئېتىقادىڭنى قوغداش يولىدا يارىلانساڭ ياكى شېھىت بولساڭ تەڭرى سېنى ئۆزىنىڭ فىردەۋس جەننەتلىرى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئىنسانىيەت سېنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنار تىكلەيدۇ، ۋەتىنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن مەرمەر تۆۋرۈكلۈك موزېي بەرپا قىلىدۇ، يۇرتۇڭ، مەھەللەڭ سېنىڭ نامىڭنى ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت زىكرى قىلىپ ئەسلىشىدۇ.

ئېتىقاد — ھاياتلىقنىڭ ئېنېرگىيىسى.

ئېتىقاد — ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ياخشى يېقىلغۇسى.

ئېتىقاد — ھاياتلىقنىڭ توغرا خەرىتىسى، روشەن يول بەلگىسى.

ئېتىقاد — جەننەت يولىدۇر.

* * *

ئوغلۇم، مەۋجۇتلۇقۇڭ ئۈچۈن داۋان ئاشقىن، چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتكىن، داۋان ئېشىش دېگەننى ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئېيتسام، داۋان ئېشىش مەھكۇم خەلقنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش دېمەكتۇر، ئېزىز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ئېگىسىز قالغان ۋەتەنسىزلەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت بېرىشتۇر.

داۋان ئېشىش كائىنات ۋە زېمىنگە مىسلىسىز نۇر ئاتا قىلىنىۋاتقان بارلىق ھاياتلىقنى توغرىلىقتا، ياخشىلىقتا چاقىرىۋاتقان بۈيۈك ھەقىقەتكە ئىشىنىش دېمەكتۇر.

داۋان ئېشىش ھەقىقەت يولىدا رىيازەت چەككەنلەرگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش، قېرىنداش قېرىنداشقا مەرھەمەت قىلىشنى تەرغىپ قىلىش دېمەكتۇر.

ئوغلۇم، سائادەتمەن كىشىلەردىن بول، سائادەتمەن كىشىلەر جەننەت يولدىكى كىشىلەردۇر. ئۇلار دۇنياغا ئېھسان قىلىدۇ، ھاياتقا، تورمۇشقا، ئائىلىسىگە ئېھسان قىلىدۇ.

* * *

ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ئىزىدا ماڭ. ھەقىقەتچى ئاتىنىڭ ئىزىدا مېڭىش جەننەت يولىدا مېڭىشتۇر. ئۇلۇغ ئاتىلارنىڭ دۇردانە سۆزلىرى سېنى مەڭگۈلۈك راھەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئاتا ئۇلۇغدۇر، ئاتا رازى خۇدا رازى، ئاتاڭنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چاقىرما، چىرايلىق سۈپەت بىلەن ئۇنى چاقىر، ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭما، ئاتاڭدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇرما. ئاتاڭ دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى ساقلا، ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزمە. ئاتاڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۇ سۆيگەن كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارغا خەيرخالىق قىلىشتۇر. سۆيگۈ ۋە دوستلۇق نەسىلدىن ـ نەسىلگە مىراس بولۇپ قالىدۇ.

* * *

جاھاندىكى ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلغان ئادەم دەيۈز ئادەمدۇر، دەيۈز ئادەم جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

* * *

قولىدىكى ئاددىي نەرسىنى قوغداشنى بىلگەن ئادەم ساندۇقتىكى ئېسىل گۆھەرلەرنى قوغدىيالايدۇ.

ئاددى ئائىلىسىنى ئەقىدە، ئېتىقادى بىلەن سۆيگەن ئادەم ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىنى مۇھەببەت بىلەن سۆيەلەيدۇ.

* * *

ھەقىقەتنى تاپالمىغان ئادەم جەننەت يولىنىمۇ تاپالمايدۇ.

* * *

ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم باشقىلارنى جەننەت يولىغا چاقىرغان ئادەمدۇر.

# ھايات قوشاقلىرى

ئىجادكار ھوقۇق ۋەسۋەسىسىدە قالدى. ئۇ ئۆز ھالاكىتىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان كەسپتىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە، روھى تىتىلغان يوْگەدەك تىتما - تىتما بولۇپ كەتتى.

* * *

بىھۇدە ئۆرۈنۈشلار، ئەرزىمەس قىزغىنلىق، چاكىنا ھەۋەسلەر ھاياتتىن ئىبارەت بىرىنچى نومۇرلۇق جاۋاھىرات دەرىخىنى قۇرۇتۇۋېتەلەيدۇ.

* * *

بىز ھاياتنىڭ بىر دوْۋە چالما ئەمەسلىكىنى بىلگىنىمىزدە، ئۇ مەنىگە ئېرىشىدۇ.

* * *

مەۋھۇم، سىرلىق نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ... تەگرى بىز قىزىقىدىغان روھ، ئۇنىڭ ئۆلۈغلۇقى پىنھانلىقىدا.

* * *

ئىزدىنىش توختاپ قالغان ھايات پەقەتلا ئۆلگەن ھاياتتۇر.

www.uyghurkitap.com

* * *

كۆپ ھاللاردا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرىمىز.

* * *

ھەرقانداق نەرسە سۆيۈشتىن كۆكلەيدۇ: تەبىئەت، مۇھەببەت، ھايات، تۇرمۇش...

* * *

ھايات ئابرۇيلۇق ئاتىدۇر.

* * *

ئاددىي نەرسىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان قەلبى تولىمۇ ئاددىيدۇر.

* * *

ئالىملاردىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەت يولىدىن ئېزىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

* * *

بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز رەھىم قىلغاندا دۇنيا بىزگە رەھىم قىلىدۇ.

* * *

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نەچچە ئەسىر جەريانىدىكى غېرىبلىقىمىزنى نادانلىقىمىز ئەمەس، ئىتتىپاقسىزلىقىمىز كەلتۈرۈپ چىقاردى.

* * *

تەنمۇ روھتەكلا مۇھىم، ئۇ چەكسىز ئاسراشنى تەلەپ قىلىدۇ.

* * *

زېمىنىنىڭ سىرلىرى تەڭرىنىڭ سىرلىرىنى تېخىمۇ نىقابلاپ تۇرىدۇ.

* * *

تەبىئەتنىڭ ئەڭ سەمىمىي دوستلىرى ھايۋاناتلاردۇر.

* * *

قاراڭغۇلۇقتا، زۇلمەت ئېچىدە بىز تاشلىۋەتكەن نەرسە چوقۇم بەخت ـ سائادىتىمىز بولۇشى مۇمكىن.

* * *

بىز ئىستېمال قىلغان بىر ۋاق تاماقنىڭ ئېنېرگىيىسىگە لايىق خىزمەت قىلالماسلىقتىنمۇ ئازاب ئىش بولمىسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

* * *

ئورۇنسىز قەھىر ـ غەزەپ بىزنى جانسىز قىلىپ قويىدۇ.

* * *

نادانلىقىمىز، شۇنداقلا ئەخمەقلىقىمىز بىلەن دائىم چېچىلىپ يۈرىمىز. سەۋەنلىكلەرگە چېچىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ياق، ھايات قان ـ يىرىڭ بىلەن تولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىز ھاياتقا ئېغىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلايلى.

* * *

دۇنيادىكى نۇرغۇن خاتالىقلار، ھەتتا سىياسىي خاتالىق ياكى ئىجتىمائىي خاتالىقلار بولسۇن ئىتتىكلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

* * *

ھاياتنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان نەرسە — ئۈمىد.

* * *

مۇھەببەت ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قۇياشتۇر.

* * *

تەڭرى سەممىي كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن ئۇلارغا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئەرزىيەتلەرنى ئاتا قىلدى.

*　*　*

يوقاتقان نەرسىلىرىنى تاپمىغۇچە توختىــــمايدىغان ئادەملەر تىرىكلەرنىڭ جۇملىسىدىكى كىشىلەردۇر.

*　*　*

تاساددىپىي قولغا كەلگەن بايلىق كۆتۈلمىگەن ھالاكەتكە سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. ياخشىسى پاكلىقىڭنى خاراب قىلما.

*　*　*

دۇنيادىكى ھەقىقەتچىلەر پاكىز كېلىدۇ، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى پاكىز.

*　*　*

مۇۋەپپەقىيەت سەھنىسىدىكى گېگانتلار ئۆز ھاياتىدا تۈرلۈك مەغلۇبىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، تەجرىبە يەكۈنلىگەنلەردۇر.

*　*　*

ئىنسان بەدىنىدىكى نەرسىلەر ساپلا گۆش ئەمەس. بىـــز قارايدىغان بولساق، بەدەن — گۆش، سۆڭەك، قان، بەز، تۈك. . . يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھايات تۈرلۈك - تۈمەن خۇرۇچلاردىن تۈزۈلگەن، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھاياتقا جاسارەت بىلەن مۇئامىلە قىلىـــش كېرەك.

*   *   *

ھەقىقىي سۆيۈلگەن ھايات، تەبىئەتنى ئوراپ تۇرغان سىرلىق نەرسىنى تېپىشقا قادىر بولالايدۇ.

*   *   *

ئانا تەكلىماكان كېچە ــ كۈندۈز شۇنداق نىدا قىلارمىش: «توغراقلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار!» بىراق، بۇ ئاۋازنى ھېچكىم ئاڭلىماسمىش.

*   *   *

ئەقىل بېغىنىڭ مۇنبەت بولمىسا، قويغان كۆچىتىڭ مېۋە بەرمەيدۇ.

*   *   *

ھاياتلىق يولىمىزدا، پۇتلىرىمىزغا كىرگەن تىكەنلەردىن زارلانمايلى. بىلگىنكى، تىكەندە شۇنداق بىر خىسلەت باركى، ئۇ سىنىڭ ئەقىل كۆزۈڭنى ئېچىپ قويىدۇ.

*   *   *

ھەقىقىي سەنئەت تراگېدىيىدىن تۇغۇلىدۇ.

*   *   *

زالىم ئادەمگە چېقىلالمىغان ئادەم، گۆشخور ھايۋانلارغا چېقىلىشتىن قورقىدۇ.

* * *

توغراقلارنىڭ قاخشال ئاۋازى قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن گۈزەل.

* * *

مەڭگۈ ئۆرە تۇرالمايدىغان ئادەم، ئاتىلار سۆزىنى تەرك ئەتكەن ئادەمدۇر.

* * *

سەن خۇدانى يېتىم - يېسىرلار ۋە كەمبەغەللەر ئارىسىدىن ئىزدە، خۇدا ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا.

* * *

ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈشىمىز يېڭى بىر يول تاپقىنىمىز بولسا كېرەك. شۇنداق، يوقاتمىغۇچە ئېرىشەلمەسلىكىمىز ئېنىق.

* * *

ئەقىل — سۆيگۈنىڭ كۆزى.

* * *

ئىنساننى چارچىتىپ ھالسىزلاندۇرغىنى — بىكارچىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

مەسخىرە ھاقارەتلىك كەمسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

ئىنسان تراگېدىيىلىرى باشقا يەردىن كەلمەيدۇ، پەقەت كۆرەلمىگەنلىكىمىزدىن كېلىدۇ.

* * *

بىز ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەن نەرسىمىزگە ئېرىشەلمەي قالىمىز.

* * *

پاقا ئۆزىنىڭ دۇنياغا پاقا بولۇپ تۆرەلگەنلىكىنى بىلدى، ئۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ پاقا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تەڭرى ئاتا قىلغان ئاۋازى بىلەن سادا قىلدى. شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ پاقىلىقىنى بىلدۇق.

* * *

ھاقارەتلىك مەسخىرىلەرگە ئۇچراپ تۇرۇپمۇ سۈكۈت قىلغان خەلقنىڭ تەبىئىتىدە ھايۋانلارغا خاس خاراكتېر بار بولىدۇ.

* * *

خۇدا بىزگە ئىرادە قىلغان ياخشىلىققا يەنىلا بەدەلسىز نائىل بولالمايمىز.

* * *

ھەر ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا شۇ خىل ئەقىلنى بەرگەن.

* * *

پەقەت ئاجىز خەلق ئۆزى ياشاۋاتقان زاماننى قارغايدۇ.

* * *

ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ سىرلىرى بايقاشلاردىن قالدى، چوڭقۇر كۆزىتىش كۆزلىرىنى چاپاق باستى. ئۇ ھېچنەرسىنى كۆرمىدى، ۋۇجۇدى ئەنە شۇ چاغدا ئەقلىنى قارغىدى.

* * *

مەن ئىنسانىيەتكە «ياخشىلاردىن بولايلـــى!» دەپ چۇقان سالغىنىمدا، نۇرغۇن كىشىلەر «ۋاقتى ئۆتكەن گېپىڭنى قوي» دېدى. ئەپسۇس، ئۇ خەلق بۇگۈنكى كۈندە كىيىمسىزلىكنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

* * *

بىز چۇمۇلىدەك جانـــۋارلاردا غالـــب روھ يوق، دەپ ئېيتالمايمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

* * *

تەڭرىنىڭ ئىنسان تەقدىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى بۇرۇنلا قۇراشتۇرۇپ بولغانلىقىغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ. يىغلاۋاتقان دۇنيا، كۈلۈۋاتقان دۇنيا، ئىنسان قىسمەتلىرىنىڭ مولېكۇلىسىدۇر.

* * *

رېئاللىقتا مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم، دۈشمەنلىرىم بار. ھايات ئەنە شۇنداق رەقىب ۋە دوستلارنىڭ بارلىقى ئۈچۈنلا يۈكسەكلىككە ئېرىشىدۇ.

* * *

مەن ئۆزۈمنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتىن ئۈيالدىم. بۇ خىل روھىم مېنى نۇرغۇن گۇناھتىن قۇتقازدى، نۇرغۇن يىرگىنىشلىك ئىشلاردىن ئازاد قىلدى.

* * *

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ۋەز-نەسىھەتچىنىڭ سۆزىنى ھەرگىز ئاڭلىمايمىز.

* * *

ئانىلارنىڭ قەلبى سۇزۇك ھەم سۆيۈملۈك بولىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ روھىمىز تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

*  *  *

بىز ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە ھاياتىمىزغا، تۇرمۇشىمىزغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەقىدە بىلەن مۇھەببەت باغلىغىنىمىزدا، بىزنى سەۋدا قىلىدىغان قىسمەتلەردىن قۇتۇلالايمىز.

*  *  *

گېگانتلار سۆزلىگىدەك پۇرسەت بولسىلا، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ سۆزلەيدۇ.

*  *  *

بىزگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى پۇرسەت — ۋاقىتنى سۆيۈش.

*  *  *

تەقۋالارنىڭ قەلبى جىمىغۇر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ خىل قەلبىدىن تەڭرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

*  *  *

كۆپىمىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۆز قانتىمىزنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلىمىز. ئىنساندىكى ئۇلۇغلۇق شۇ يەردىكى، ئۇ يۈكسەك كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. لېكىن، بىز كۆزىتىشتىن ئېرىنىمىز.

*  *  *

ئەي مەجرۇھلار، مۇڭلۇقلار، يېتىملار، بىچارىلەر، مەن سىلەرنى قەيەرلەردىن سوراي! سىلەرنى شۇنداق قىسمەتكە خار

قىلغانلارنى نەدىن سوراي! مەن سىلەرگە ئانا نەزەرىدە قاراۋاتىمەن.

* * *

رايىش، دوّت ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شەيتانىمۇ رايىش، دوّت شەيتاندۇر.

* * *

ھايات بۈيۈك قامەتلەرنىمۇ ئىگىلىدى. بۈيۈك قامەتلەر ھاياتنى گۈزەل مەنە بىلەن بېزىدى.

* * *

ساختىلىقتا پەقەت مەككار كىشىلەرلا يول ئاچىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يوللىرى يېڭى يوللارغا تۇتاشمايدۇ.

* * *

مېنىڭ شاھانە خىياللىرىم، مىللەت خەزىنىسىدە بار. ئەمما، ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايۋاتقىنىم ئەڭ ئۇلۇغ غايىدۇر.

* * *

دۇنيا تولىمۇ سىرلىق... يوللار ئۈزارماقتا... كىشىلەر ئالدىرىماقتا... ئۇلۇم دۇنياغا نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن قارىماقتا.

* * *

يارىماس ئادەملەر ئۆزىنىڭ كېرەككە كېلىدىغانلىقىنى

ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ، بىراق ئۇلار ئاقىۋەتتە بىچارىلەرچە مەغلۇپ بولىدۇ.

* * *

بىراۋ: «يېتەرلىك تەربىيە كۆرمەي تۇرۇپ دۇنيا، ھايات ھەققىدە نېمىلەرنى سۆزلىيەلەيمىز» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «دۇنيا ۋە ھايات كىشىگە ئەڭ ياخشى تەربىيە بېرىدۇ» دېدىم.

* * *

بىز ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىيەلەيمىز.

* * *

بىز دۇنيانىڭ سىرلىق مۆجىزىلىرىنى كۆردۇق، يۈكسەك ئىنسانلىق ئەقىدىمىز بىلەن ھاياتلىقتا نەزەرىمىزنى ئاغدۇردۇق.

* * *

ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ھوقۇق، ئاجىز ھوقۇقتۇر.

* * *

ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن ھەر كۈنى مەھرۇم قېلىۋاتقانلار بار، ئۇلار يالغانچىلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

تۈلكىنىڭ دوستى بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ھىيلىگەر ئوۋچى.

* * *

بەخت تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلارغا يېقىنلىشىدۇ.

* * *

بىز رەڭگى قارىلارنىڭ يۈرىكىنى قارا، دەپ كەسكىن ئېيتالمايمىز. رەڭگى ئاقلارنىڭ قەلبىنى ئاق، دەپمۇ ھۆكۈم قىلالمايمىز.

* * *

ئاسفالت يوللاردا ئۇچقۇر ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىراۋ، تار چىغىر يولدا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ بىر كۈنلىرى ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

* * *

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەخپىيىتىنى باللار ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، باللار يالغان گەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ.

* * *

تۇرمۇشتا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئابرويى تەمەدىن تۆكۈلۈپ كەتتى. تەمە — شەيتاننىڭ مۈڭگۈلۈق ناخشىسى.

* * *

شەھۋەت ئەرلەرنىڭ ھالاكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

يازغانلىرىڭ خەلقنىڭ روھى بولمىسا، يازمىلىرىڭنىڭ ئۆمرى شۈنچە قىسقا بولىدۇ.

* * *

ئەقىللىق ئادەملەر ئەزەلدىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىگە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھەم باشقىلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

* * *

بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسىي كىرزىس — ناھەق ئىشلارغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش.

* * *

بىز ماڭغان يوللىرىمىزدا ئىز قالدۇرالمىدۇق، بىراق ھايات ھەققىدە ئويلىنىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

* * *

كەمبەغەلنىڭ دوستى تەڭرى، كىشىلەر ئۇلاردىن ھەقىقەتەن يىراق ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

خۇشخۇي مۇئەللىمنىڭ قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى تەربىيىلىمىكى ئاسان.

* * *

مېنىڭ غەلبەم ئىرادە بىلەن تەۋەككۇلچىلىكىمدىن كەلگەن.

* * *

قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى كەمستكەنلىكىمىز جاھىلىيەتنىڭ ئوتلىرىنى ئۇلغايتقانلىقىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

گۇناھ خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىدۇ، خۇپىيانە سۆزلىنىدۇ، خۇپىيانە ئاشكارىلىنىدۇ، خۇپىيانە تارقىتىلىدۇ.

* * *

باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا كۆز تاشلاش، ئاشايان خىياللاردا بولۇش، سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىش ئەركەكلىكتىن چىقمايدۇ. ھەقىقىي ئەركەكلىك نەپسى خاھىشىنى يىغىشتۇر.

* * *

ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلگەن ئەلدە ھاياسىزلىق بازار تاپىدۇ. غېرىبلىق، چۈشكۈنلۈك، يېتىملىق... مانا شۇنىڭ پاجىئەلىرىدۇر.

*   *   *

ھايات — كۆرەلمىگەننى كۆرسەتتى، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاتتى، سۆزلىمىگەننى سۆزلەتتى. ئۇ شۇنداق بۈيۈك نەرسە. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تىرىك، ئويغاق ئادەملەر بىلىپ يەتتى.

*   *   *

تەڭرى تەبىئەتنىڭ قەلبىنى يۇمشاق قىلدى، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئىللىق ناخشىسىدىن ھۇزۇرلاندى.

*   *   *

ئەر ئايالنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇزۇل - كېسىل بويسۇنۇپ كەتكەندە، ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىدا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.

*   *   *

ئۇلۇغ غايە، ئەخلاق ۋە ئىرادە ئەقىدە بىلەن كۆكلىدى. تەڭرى بۇنىڭ ئۇچۇن شۇ بەندىسىدىن سۆيۈندى.

*   *   *

ساختا ئادەملەرنىڭ مۇنداق بىر ئارتۇقچىلىقى بار: ئۇ ساختا نەرسىلەرنى تېز بايقىيالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى ئادرېسى

* * *

ئاياللارنىڭ شەرم گۈلزارى — ئەرلەرنىڭ بەخت تۆشۈكى.

* * *

ئۆز ـ ئۆزىگە ئەڭ ئادىل باھا بەرگۈچىلەر — تەڭرىدىن ئۇيالغۇچىلار بىلەن بالىلار.

* * *

قەلەندەر ئىنسانىيەتنىڭ پۈچەكلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

بالىلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئاتىسى — ئەدەپ.

* * *

ياش كۆچەتلەر قامەتلىك دەرەخلەردىن ھۇزۇر ئالدى، شۇڭا ئۇلار قامەتلىك بولۇپ يېتىشتى.

* * *

قۇشلار ئىزگۈ ئاۋازلىرى بىلەن تەبىئەتنى ماختىدى، تەبىئەت قۇشلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى.

* * *

مۇۋەپپەقىيەت سەھنىسىدىكى گىگانتلارنىڭ ئاددىي ئارخىپىدىن

كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى پاك روھ ۋە پاك تېنىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

* * *

زېمىن سەرگەرداندىن بالىلاردىن سورىدى: «سىلەر نېمە ئادەملەر؟» بالىلار: «ئۇلگە ۋە يېتەكچى ئىزدەپ يۈرگەن يېتىم بالىلار» دېدى.

* * *

ھەقىقىي ئېتىقاد بىلەن يېزىلغان ئەسەردە جان بولىدۇ.

* * *

ئىنساننىڭ ۋۇجۇد گۈلى — ئەقىل. ئۇنىڭ تۆمەن شاخچىلىرىدىن بىلىم، ئەخلاق، ئىنساپلىق يېتىلىدۇ.

* * *

بىزنى تېرىقتەك چېچىۋەتكىنى ئۆزىمىزنىڭ روھى.

* * *

بىز ئۆزىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاشماي تۇرۇپ زامان ۋە ماكاننى بىئەتىۋار دەيدىغانغا ھېچ ئاساسىمىز يوق.

* * *

ھوقۇق تىلى بىلەن ئۆزىنى بېزەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*    *    *

سەۋر ـ تاقەتنىڭ خەزىنىسى ھېكمەت ئەربابلىرىنىڭ شېرىن تىللىرىدا.

*    *    *

دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي قۇللۇق — ھەقىقەت يولىدىكى بىلىمسىزلىك، ھەقىقەتكە بولغان تونۇشىمىزنىڭ ئاجىز، كەمتۈكلۈكىدىن زۇلمەت بىزنى ئۆز بۆشۈكىدە بۆلەپ كەلدى.

*    *    *

تەڭرى تەربىيە تەسىر قىلىدىغان ئادەمنى سۆيىدۇ.

*    *    *

ياخشى سۆز — بالىلارنىڭ دوستى.

*    *    *

بىر ئادەمنىڭ شەخسىي كۈچى — ئۇنىڭ قورالى.

*    *    *

قوغدىغۇچىسى بولمىغان بالىلارنى دۇنيامۇ تاشلاپ قويىدۇ.

*    *    *

روھ تولىمۇ نازۇك نەرسە، ئۇ قوغدىلىشى، ئاسرىلىشى

كېرەك. ئۇ سۆيۈلمىگەندە بىزنىڭ ئېزىلگىنىمىز ئېزىلگەن.

* * *

باللار ئىشرەتخانىلاردىن كېلىۋاتقان قىقاس ـ چۇقانلاردىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇ ئىشرەت سارىيىدىن قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى.

* * *

ئىدىيە تەييارلىقى — ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى قەدىمى. تەييارلىق ياخشى بولمىغاندا، نەتىجە كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن.

* * *

بىز ئۆلۈم ۋە تراگېدىيىگە ئۇچراپمۇ، ئۇنىڭغا بىپەرۋا قارىدۇق. بۇ دەھشەتلىك قىسمەتلەر بىزگە ھەقىقەتەن ئاچچىق ساۋاق بېرەلمىدى.

* * *

بىخۇدلۇق قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسا، مەھكۇملۇقمۇ شۇ دەرىجىدە يىلتىز تارتىدۇ.

* * *

مەردلىكنىڭ قىممىتى — ئىگىلمەسلىكتە، بويسۇنماسلىقتا، ئالىيجاناب مۇھەببەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

بىز ھېكمەتسىز قالمىدۇق، پەقەت مۇھەببەتسىز قالدۇق.

* * *

تەننىڭ رىيازىتىدىن روھنىڭ رىيازىتى يامان.

* * *

ئۆلگەن قەلبلەردە ئېتىقاد ۋە ئىمان بولمايدۇ.

* * *

مەن سېنى قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرگەن بوران بول دېمەيمەن، دۇنيانىڭ مەڭزىنى ئىللىق سىيپاپ ئۆتىدىغان مەيىن شامال بولساڭمۇ بولدى.

* * *

بىزنىڭ دۇنيادا يالغۇز، يېگانە قالغان چاغلىرىمىز — ئىلىم ـ ھېكمەتتىن يىراق بولغان چاغلىرىمىزدۇر.

* * *

بىزنىڭ ئۇلۇغۋار روھىمىز بىز ئۆلگەن تەقدىردىمۇ بىز ياشىغان دۇنيادا يورۇپ تۇرىدۇ.

*　*　*

قەلب ئىشىكىمنى چېكىپ كىرگەن قىز پەرىشتە ياكى شەيتان.

*　*　*

تەڭرىنىڭ ساماۋى دەستۇرى ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنىڭ ئىڭ ئىشەنچىلىك خەۋەرچىسى.

*　*　*

ھاياتلىقنىڭ لەززىتى قۇربان بېرىشتە، بىز شۇنداق ئۇلۇغ ھاياتنى ئۇلۇغ قەدەملەر بىلەن بەرپا قىلىمىز.

*　*　*

شائىر — تەڭرى سۆزلىرىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شەرھلىگۈچى، ئۇ تەڭرى بىلەن ئىنسان قەلبىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى رىشتە. كائىناتتىكى يېگانە روھ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ دىلى ۋە تىلى. ئۇ تىنچ ئورمانلاردىكى ئىزگۇ كۈي، جۇشقۇن ئېقىنلاردىكى كۈچلۈك سادا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، قەلبىدە، يۈرىكىنىڭ تېرەن قاتلىمىدا شۇنداق بىر ئېسىل بۇلاق بار: ئۇ نۇر بولىقىدۇر، ئۇ ئاتەش بولىقىدۇر، ئۇ گۈزەل قان بولىقىدۇر.

*　*　*

كامىل ئىنسان — كامىل ئىلىمنىڭ مېۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

* * *

ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلەر — شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرگەن شاتۇتىلاردۇر.

* * *

دۇنيادا شۇنداق ياخشى ئۆلۈملەر باركى، بۇ ئۆلۈم جەڭگاھتىكى شېھىتلىكتۇر.

* * *

پىشىپ يېتىلگەن ئادەم ھايات يوللىرىدا تەمتىرەپ قالمايدۇ، ئۇ تەجرىبە خەزىنىسى بىلەن مەقسەتلىرىگە تېز يېتىدۇ.

* * *

ئېتىقادنىڭ يوقالغانلىقى ھاياتىي كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

* * *

تارىخ خۇلاسىلاندى، تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلەندى، مەغلۇبىيەتلەر رەقىبلەرگە ھېسداشلىق قىلىش، رەھىم قىلىشتىن كەلگەندى.

* * *

شائىر تەبىئەتنى يازىدۇ، ئىنسانىيەتنى يازىدۇ، ھاياتنى، تۇرمۇشنى يازىدۇ. دۇنيانىڭ كۈلكىسى ۋە يىغىسى ئۇنىڭ

شېئىرلىرىدا مۇجەسسەملەنگەن تەڭرى ۋە ئالەم ماھىيەتلىرى جىلۋىلەنگەن.

* * *

بىز ئۆلۈمنى شەرەپلىك بىلگەن چاغدا، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدىن يانمايمىز.

* * *

زامان تار بولسا، ياخشى كىشىلەر سۆھبىتى گۇناھلىق سۆھبەت، دەپ قارىلىدۇ.

* * *

ئىككى يۈزلىمچىلەرنىڭ رەقىبى ھەم دوستىمۇ بولمايدۇ، ئۇلار رەقىبقىمۇ، دوستقىمۇ ئوخشاشلا دۈشمەن.

* * *

ياشتا چوڭ بولسىلا ئۇلۇغ سانىمايمىز، پەقەت ئەخلاق يۈزىسىدىن ھۆرمەتتە بولىمىز. ئىنسان ئۇلۇغلۇقى ئىنسانىيەتكە بولغان يۈكسەك مۇھەببەتتە.

* * *

غەزىپىڭنى يوشۇر، پىنھان تۇت، ئۆچۈپ قالمىسۇن دۈشمىنىڭگە ئوت.

www.uyghurkitap.com

* * *

بالىلاردىكى ئىمان ۋە ئېتىقاد ئاتىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلەر.

* * *

ئىنسان شامال بولغاندا ئۇچۇپ توختىمايدۇ، ئۇ تاش بولغاندا پەقەت قىمىرلىمايدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقىي ئادەم بولۇش كېرەك.

* * *

دۇنيانىڭ ھاياسىز يەرلىرىنى پەقەت دىنىي ئەخلاق يېپىپ تۇرىدۇ، ئىنسانىيەت شۇنىڭ ئۇچۇن دىنىنى سۆيگەن.

* * *

ئادەم ئىت بولغاندا ئىتتىن بەكرەك چىشلەيدۇ.

# زۇمرەت ئېقىن

گۈزەللىك بولمىسا، ئەخلاقمۇ، پەزىلەتمۇ، بىلىممۇ. . . ھەممىسى بولمايدۇ.

* * *

مۇناپىقلار ئۆز گۆشىنى يەپ ياشايدۇ.

* * *

پۇرسەت يېتىلسىلا ئۆلۈمدىن قورقۇپ كەتمە، ئۇلۇغ غەلىبە ياخشى پۇرسەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

* * *

دەرت — كۆيۈۋاتقان ئوت.

* * *

بىزدە مۇستەقىل ئىدىيە بولمىسا، باللارنىڭ باشلىغان يولىغىمۇ مېڭىپ كېتىمىز.

* * *

مەن دوستلىرىمنىڭ سۆھبىتىدە بولغىنىمدا بارلىق غەم - قايغۇمنى ئۇنتۇيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

سەن باللارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، باللار ساڭا ئىشەنمەيدۇ.

* * *

ئېھسانىنىڭ شۇنداق بىر بۈيۈك يولى بار، بۇ يول كىشلەرنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يول ياخشىلىق، مېھرىبانلىق، سەممىيلىك يولىدۇر.

* * *

ياخشى ئادەملەر دۇنيانىڭ ئۇياتسىز يەرلىرىگە كۆز - قىرىنى سالمايدۇ.

* * *

يارىلانغان قۇش پۈتۈن بەدەنلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرسىمۇ ھاياتقا ئۈمىدلىك قارىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى يېشىل دۇنياغا تىكىلگەندە قەلبى سادالاندى. تەبىئەت نەقەدەر گۈزەل - ھە! ئۇنىڭ پىنھان قەلبى تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

* * *

بەختسىزلىك بولمىسا، بەختنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ.

* * *

كائىنات — تەڭرى سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمى.

*  *  *

گۇناھ تەننى كېسەل قىلىدۇ، روھنى مەجرۇھ قىلىدۇ.

*  *  *

گۈزەل مائارىپىمىز بولمىسا، گۈزەل تۇرمۇش ۋە كۆڭۈللۈك ھاياتىمىزدىن سۆز ئاچالمايمىز.

*  *  *

مائارىپى كېسەل ئەلنىڭ زۇلمەت دەرىخى مەڭگۇ كۆكىرىپ تۇرىدۇ.

*  *  *

مائارىپ — ئويغانغان خەلقنىڭ قىبلىنامىسى.

*  *  *

ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنىڭ ھۆرلۇكى ئۈچۈن ياۋلار بىلەن كۈرەش قىلغان شېھىتلاردىن سوراڭلار!

*  *  *

ئۆتۈنۈش بولمىسا، كۆيۈنۈش بولمايدۇ.

*  *  *

ئائىلە — كىچىك بىر تەجرىبىخانا، بىز بۇ يەردە تۇرمۇشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر تەرەپلىرىنى تەجرىبە قىلىمىز.

* * *

ياخشى كىشىلەرنىڭ خىيالى خەيرلىك بولىدۇ. ياخشى نىيەت ياخشى خىيال ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

* * *

ناچار ئەخلاقلارغا بولغان قىزغىنلىقىمىز تۇپەيلى دوزاخنىڭ يولىغا كىرىپ قالىمىز.

* * *

شان - شۆھرەتنى قوغلىشىۋاتقان ئادەم ئۆزىنى كۆرگەزمە زالىغا قويغان ئادەمدۇر، ئۇنىڭ قىممىتى پەقەت كۆرگەزمە زالىدىلا.

* * *

باھار يامغۇرلىرى تەبىئەتتىكى يېشىل ھاياتنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر.

* * *

پاسكىنا، پاسىق بولمىساڭلا، سىنىڭ قەلبىڭگە ھېكمەت سىڭىدۇ.

* * *

سەۋر ۋە قانائەت ساھىبىنىڭ باسقان يوللىرى خەيرلىك

بولىدۇ.

* * *

بىزنىڭ گۇناھ يولىدىن قايتقان ۋاقتىمىز، تۇغۇلغان ۋاقتىمىزدۇر.

* * *

سەزگۈر، ئەقىللىق ئادەم ئۈچۈن زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە پىنھان ھەم مەخپىي ئەمەس.

* * *

سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇر، خادا تاش، دەريا، دېڭىزلاردىن كېچىپ ئۆت، چىغىر يوللار، داغدام يوللاردا مەردانە ماڭ، قارلىق تاغلاردىن، چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆت، سېنى بىر نەرسە كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ — ئەركىنلىك.

* * *

نادانلارنىڭ دوستى ھەم دۈشمىنىمۇ بولمايدۇ.

* * *

بېسىۋېلىنغان ۋەتەننىڭ تارىخى مەجبۇرىي يۇرمىلىنىدۇ.

* * *

مېنى ئازابلاۋاتقان روھ — ھىجران روھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

* * *

سەۋر — ئىنسانىيەت ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، كۈتۈلمىگەن بەختكە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

* * *

ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنىڭ كۈچى تۆۋەن ئەلنىڭ كەلگۈسىدىن ئالدىراپ سۆز ئاچالمايمىز.

* * *

ياخشى كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، مۇساپىرلارنىڭ كۆڭلىنى ئايايدۇ.

* * *

بىز ئۆزىمىزنى دۇنيانىڭ مېھمىنى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگىنىمىزدە، ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتىمىز.

* * *

دۈشمەن نېمىنى دېمەيدۇ، نېمىنى قىلمايدۇ... ئۇلارنىڭ ئاچچىق تىللىرىدىن مەيۇسلىنىش كېرەكمۇ؟ ياق، مەردانە بولۇشنى ئۆگىنىڭ، قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ...

* * *

بىزنىڭ تەبىئەتنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيگىنىمىز، تەڭرىنى سۆيگىنىمىز.

*  *  *

قەھرىمان ئۇلۇغ ئانا پەرزەنتلىرىنى كۆرەشكە چاقىرىق قىلغاندا قەيسەر، باتۇر ئاتا ئۇلارغا ئوق مىلتىقلىرىنى قوتقۇزدى. جامائەت ئۇلارغا مەدەتتىن تون كىيگۈزدى.

*  *  *

سەۋرسىزلىق ئىنسان گۇناھلىرىغا يول ئاچىدۇ.

*  *  *

خورلۇق — بالىلارنى جىمىغۇر ياكى كېكەچ قىلىپ قويىدۇ.

*  *  *

سەۋر ئەقىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئەقىل مەرىپەتنىڭ يولىنى ئاپتى.

*  *  *

مەنىۋى نامراتلىقتا خاتىمە بەرگەن خەلق ماددىي نامراتلىق ئۈستىدىن ئاسانلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ.

*  *  *

ئۆز ئوغلىنىڭ ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئاتا، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئاتىدۇر.

* * *

مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلار ئۇلارنى كۆچى يەتمىگەن ئىشلارغا بۇيرۇغان كىشىلەردۇر.

* * *

قېرىلار بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىنى جىمجىتلىق ئىچىدە ئەسلەۋاتقاندا ئويۇنخۇمار بالىلار ئۇلارنى زاڭلىق قىلدى.

* * *

ئۆتكۈر، ئەقىللىق، تېرەن پىكىرلىك كىشىلەر، كىشىلىك ھاياتنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىلىرى.

* * *

پىشىپ يېتىلگەن مېۋە يېيىلمىسە، ئۇنى قۇرت يەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن باغۋەن ئەلۋەتتە ئەپسۇسلىنىشى كېرەك.

* * *

بىزنىڭ كۆچلۈك يۆلەنچۈكىمىز دانىشمەنلەرنىڭ ۋە ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئەقىل ئۆگىتىشلىرى بولسۇن.

* * *

مۇھەببەت ئۆز تېزگىنىنى يوقاتقان ئات، ئۇ ئاخىر ئۆزى خالىمىغان بىرىنىڭ قولىدا تۇتقۇن بولىدۇ.

* * *

تەلۋە، نادان ئادەمگە بارلىق ئادەملەر نادان بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

* * *

بىزنىڭ پىكىر خىيالىمىزدا ئازاب سالغۇچىنىڭ ئوبرازى بولسۇن.

* * *

ئىنسان تەبىئەتنىڭ گۈزەل ناخشىسىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىندى.

* * *

ھايات چوقانلىرى ۋە تۇرمۇش غەۋغالىرىغا خۇپسەن بولۇۋالغانلار بەلكىم بىچارىلەردۇر.

* * *

مەن پەقەتلا مەن، سەنمۇ سەن، تەڭرىمۇ تەڭرى. . . قانداق كۈچلۈك بولۇپ كەتمەيلى، ئۆزىمىزنى يارىتىپ باقمىدۇق.

* * *

رىقابەت — ھەسەتنىڭ ئىلمىي سۈپىتى ياكى چىرايلىق ئاتىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

* * *

بىزنىڭ يوشۇرۇۋاتقان سىرىمىز گۇناھتىن ئىبارەت.

* * *

قۇرۇق گەپ قىلىشلىرىڭدىن قورقۇپ قالغانلىقىڭنى بىلدۇق، قاخشال نەرسىنىڭ بەكرەك ئاۋاز چىقىرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

* * *

بىلىم سېنى شۇ قەدەر سەمىمىي، راستچىل، ئەخلاقلىق قىلدى، بايلىق سېنى ئۇ سۈپەتلەردىن مەھرۇم قالدۇردى.

* * *

چاقىرىق ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بولمىسا، ئىنسان غەپلەتلىرى تولىمۇ ئۇزاق داۋام قىلىدۇ.

* * *

پۇت - قولىمىز چاققان بولمىسا، بىزگە تېگىشلىك نەرسىمۇ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

* * *

ئىنسان بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئالىي خوجىسى بولغاچقا، تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

*   *   *

زالالەت بار بولدى، ھەقىقەت بار بولدى.

*   *   *

ئەھلى ھېكمەت ئۇستازلىرى ئۇلۇغ ماختاشلاردىن قورقۇنچ ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار ماختاش، ئۇلۇغلاشنىڭ پەقەت تەڭرىگىلا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

*   *   *

پەرىشتىلەر بوۋاقلارغا تەڭرى ھەققىدە شىۋىرلىدى. بوۋاقلار تەڭرىنى سېغىنىپ ئوماق تەبەسسۇم قىلدى.

*   *   *

دۇنيادىكى تالاي گۈزەل ئاياللار ئۆز لاتاپىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

*   *   *

سەن قولۇڭدىكى گۆھەرنىڭنى يۇتتۇرۇپ قويغاندا، ھايات ساڭا يېڭى ئەقىلنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بېرىدۇ.

*   *   *

خۇدا ھەقىقەتچىلەرنىڭ دوستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ئۆز - ئۆزىنى قوتقۇزغانلار خۇدانىڭ ياخشى بەندىسى.

* * *

ھىيلە — ئەقىل - پاراسەتنىڭ بىر شاخچىسى، ئۇلار بىرلەشكەندە ھاياتقا خەۋپ يەتمەيدۇ.

* * *

قۇشلارنىڭ قىسماققا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلانما، ئۆزۈڭنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭدىن ئۆكۈن.

* * *

كامىل ئايال — ئائىلىنىڭ زىننىتى، ئۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئائىلىسىنىڭ سەلتەنىتى بۈيۈكلۈككە يەتتى.

* * *

دۇنيادىكى تالاي ئادەملەر تالاي ھايۋانلارغا ئوخشاش گال قايغۇسىدىلا ياشايدۇ.

* * *

تاغدا بۈيۈكلۈك ۋە گۈزەللىك بولغاچقىلا، بىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدۇق.

* * *

ياخشىلارنىڭ قەلبى گۈزەل سۆزلەرنىڭ خەزىنىسى.

* * *

جىنسىي ئىستەكلىرىڭ سېنى ئارام تاپقۇزمىدى، گۇناھ ئاخىر سېنى چاقىردى.

* * *

سېنى دۇئېلغا چاقىرغان ئادەم ھەقىقىي باتۇر ئادەم.

* * *

كۈرەش بولمىسا بەخت بولمايدۇ، بۇ كىشىلەر ئەزەلدىن بىلىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەت.

* * *

زاتى مۇبارەك: «ئۆلۈم — كىشىلەرگە يېتەرلىك پەند - نەسىھەت» دېدى. بىز تېخى بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدۇق.

* * *

ھەقىقەتچىلەردىن بول، بىراق بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمە.

* * *

ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغان پۇل - مال، ئىنسانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

قەلبىنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلايدۇ.

*  *  *

پۇشايمان — نادانلىق ۋە بىخودلۇقنىڭ ئاخىرى.

*  *  *

ئېھسان — جەننەتنىڭ گۈزەل قەلبى.

*  *  *

شەيتان بىزنى ۋەسۋەسىگە سالغاندا گۇناھ يولى پارلاق مەنزىل ھاسىل قىلىدۇ، بىز ئۇ مەنزىللەردە نارەسىدە قىزلارغا ئىشرەت كۆزىمىز بىلەن قارايمىز.

*  *  *

نۇرغۇن گېگانتلار دۈشمەنلىرىدىن چەك ـ چېگرانى ئايرىيالمىغانلىقى ئۈچۈن تېزلا مەغلۇپ بولدى.

*  *  *

ئاجىزلار — بەخت ـ سائادىتىنى ھاكىمىيەتنىڭ خەزىنىسىدىن ئىزدەيدۇ.

*  *  *

يىرگىنىشلىك ئادەملەر ئىچىدە باشقىلارنى كۆلۈپ تۇرۇپ كەمسىتىدىغان ئىپلاسلارمۇ بار.

* * *

ھەقىقەت ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ قولىدا قانائەت تاپىدۇ.

* * *

كۆڭۈل — زېمىنىنىڭ ئۆزى، بىز ئۇنى خالىغان ئىشلارغا ئىشلىتەلەيمىز.

* * *

دۇنيادىكى نۇرغۇن سىرلار ئاددىي ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ئېچىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

* * *

ئىنسانىيەت ئۇلۇغ بىر قىسمەتتىن ئاپىرىدە بولدى.

* * *

دۇنيا ئەزەلدىن قەلبى ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تولغان ئاۋانگارتلارنى چەتكە قېقىپ كەلدى، لېكىن قەتلى قىلالمىدى.

* * *

ئاقىللار نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيدۇ.

* * *

دۇنياغا يەنىلا ئادىل باھا بەرگۈچىلەر بار، ئۇلار مۆربۋەت ساھىبلىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　*　　*

يوقسۇزلۇق بىكار تەلەپ ۋە تەمەخورلارنى تېز ئىزدەپ تاپىدۇ.

*　　*　　*

بەدەل تۆلەش كېرەك. نېمىگە؟ تەنھالىققا، يالغۇزلۇققا، غېرىبلىققا...

*　　*　　*

تەجرىبىسىز ئادەم ئىتتىك خاتالىشىدۇ.

*　　*　　*

ھاياتنىڭ تاتلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئىستەكلىرىدە گۈزەل قىزلارنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرىدەك مەپتۇنكار خۇلۇقلار چېچەك ئاچقان.

*　　*　　*

سەن شېرىن جۇپتۇڭنى چوڭقۇر سۆيگەندە، ئۇ سېنىڭ بارلىق سېھرىڭنى ئوغرىلاپ بولدى.

*　　*　　*

تولا ئۇخلاش ھاياتنى خوراتقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

*　　*　　*

ناچار ئايال شەيتاننىڭ كۈچلۈك ئىلھامى بىلەن پانىي ئالەمنىڭ

دوزىخنى بەرپا قىلدى، ئۇ ياخشى ئېرىنى ئۇنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتىغا تاشلىدى.

* * *

دۇشمىنى يوق ئادەم يۇرەكسىز بولىدۇ.

* * *

ھاياتنى سۆيمەسلىك ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىگە ھاقارەت قىلغىنىمىزدۇر.

* * *

ھاياتنىڭ بۇ ئېگىز ـ پەس يوللىرىدا ئېغىر سۈكۈت بىلەن كېتىۋاتقانلار يا دانىشمەنلەر، يا ۋەتەنسىزلەردۇر.

* * *

غالىبلار يىقىلىپ كەتكەندە، ئۇنى ھېچكىم يۆلەپ تۇرغۇزمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلىدۇ.

* * *

ناتىق خىيالغا چۆمگەندە، دۇنيا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. ئۇ ۋاقلاپ سۆزلىگەندە، دۇنيا قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

* * *

زېمىنىنىڭ ئۈستىگە تارىلىپ كەتكەن ئوت ئىنسان ۋۇجۇدىدىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

غالىبلار ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن تېگىرقاشنى رەت قىلىدۇ، ئاشىقلار سۆيگۈ ئۈچۈن ئىككىلىنىشنى رەت قىلىدۇ. دۇنيا مانا شۇنداق داۋام ئېتىدۇ.

* * *

بىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە دۈشمەنلەر ئالدىدا كۆچۈكلىنىشنى رەت قىلالىغاندا، بىز مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيمىز.

* * *

ئېتىقادتىن مەھرۇم قالغان ئادەم — ئىنسانلىقنى يوقاتقان ئادەمدۇر.

* * *

دىننىڭ كۈچى — تەڭرىنىڭ كۈچى.

* * *

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرى بىلەن قوغداپ كەلدى، شۇڭا پۈتكۈل ئىنسانىيەت مۇئەللىمنى «ئۇستاز» دەپ چاقىردى.

* * *

قىزلارنىڭ كۆپى خام خىيال ئىچىدە مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ.

*  *  *

قىزلارنىڭ ئالدىدا شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆچۈكلەنگەنلەر، ئۇلارنى يېتىپ ئاشقۇچە خارلىدى.

*  *  *

مەدەت غۇرۇرغا غۇرۇر، كۈچكە كۈچ، ئەخلاققا ئەخلاق بېغىشلايدۇ.

*  *  *

ئادەمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى كىم چۈشەنسۇن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋەھىمىلىك مەنزىرىلەر بىلەن قاپلانغان، ئۇ يوشۇرۇن ئالەم.

*  *  *

بىز غۇرۇرنى يوقاتقانلارنىڭ قەلبىگە دەھشەتلىك، ئاچچىق خورلۇقلارنى بېرەلىگەندە، ئۇلاردا يېڭى بىر غۇرۇر چېچەك ئېچىپ قېلىشى مۇمكىن.

*  *  *

ئۆز ئەمگىكىمىز بەدىلىگە كەلگەن نەتىجىمىز گويا پەرزەنتلىرىمىزدەكلا سۆيۈملۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

* * *

قۇشلار ئۆز غۇرۇرىنى ئۆز ئۇۋىسىنى جان پىدالىق بىلەن قوغداش ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ.

* * *

قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى مەخپىي قۇرۇپ چىقارمىش.

* * *

بىز تۇغۇلغان ئۆي ئۆزىمىزنىڭ بولغىنىدەك، بىز ياشاۋاتقان يەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ.

* * *

تەبىئەتنىڭ نازۇك شېئىرلاشلىرى بالىلار قەلبىدىن ياڭرىغان ناخشىنىڭ ئەكس ساداسى.

* * *

كىچىك بىر گىياھتا بالىلارنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى بار.

* * *

مۇكەممەل ھايات بولسا، مۇكەممەل ماكاننى ئەھيا قىلغىلى بولىدۇ.

* * *

مېنى كىشىلەر ئاجىز دەپ قارىغاندا، مەن ئۆزۈمدىكى ئىللەتلەرنى بىلىۋالىمەن. خەلق مۇقەددەس ئەينەكتۇر.

* * *

ناخشا — تۆنۈگۈنكى دۇنيادىن كەلگۈسى دۇنياغا كېتىۋاتقان روھ.

* * *

گېگانت قارىغاينىڭ ھەسەتخورلىرى كۆپ بولىدۇ، يۈكسەك كىشىلەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرى كۆپ بولىدۇ.

* * *

گۇناھنىڭ يوللىرى تەگرىنى ئۇنتۇغانلار ئۈچۈن پارلاق ھەم كەڭرى.

* * *

ئىت ئادەم بولالمىغان بىلەن، ئادەم ئىت بولالايدىكەن. مەن زېمىندا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن لوقما تارتىۋېلىۋاتقان، ھە دېسە قاۋاپ، چىشلەۋاتقانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

* * *

بىراۋ — بىر ئادەم ياكى كۆپ ئادەم، سەن ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزۈڭ بىلەن قارىساڭ، ئۇمۇ ساڭا شۇنداق كۆز بىلەن قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



* * *

سەندىكى مەسلىكسىز كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز — يورتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەبىرىقچىلىق، شەخسىيەتچىلىك.

* * *

باتۇر كىشىلەر دۇنيانىڭ تار ھەم كەڭ يوللىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كارۋانلاردۇر.

* * *

سەن شۇنداق بىر تاش بولغىنىكى، سېنى زۇلۇم پاچاقلاپ تاشلىيالمىسۇن. سەن شۇنداق بىر دەرەخ بولغىنىكى، سېنى كۈچلۈك ئازاب بورانلىرىمۇ ئۆرىيەلمىسۇن.

* * *

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا سىرلىق بولۇپ كۆرۈنمەن، ئاياللىمنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ئەمەس.

* * *

دۇنيانىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغاندا، ئۇنى ئاشكارىلىغان ئادەمنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

* * *

بەرگەن نېنىڭ قاتتىق بولسىمۇ، قەلبىڭ يۇمشاق بولسۇن.

* * *

مەن بىر تۈپ ئەنجۈرنى ئۆزۈمگە پايدىلىق قىلىپ ئايىتسام، ئۇ كىشىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

* * *

سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندە، ھەقىقەت سېنىڭ قولۇڭدا كۆچلىنىدۇ.

* * *

پىشىپ ـ يېتىلگەن ئەدەبىيات — يەتكۈچە زۇلۇم كۆرگەن خەلقنىڭ ئەدەبىياتى ياكى ھۆرلۈك بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئەلنىڭ ئەدەبىياتى.

* * *

ئادەمنىڭ ھايۋاندىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىشى، ئەسلى ئۇنىڭدا ھايۋانلىق تەبىئەتنىڭ بار بولغانلىقىدا.

* * *

سېنىڭ قەيسەر روھىڭ كىشىلەرگە يەتكەندە، سېنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىڭ ئۆلارنىڭ چېھرىدە بولسۇن.

* * *

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم بۇ دۇنيانى ئۇلۇغ مەقسەتلەرنىڭ ئىزدىنىش سەھنىسى، دەپ قارىغان كىشىدۇر، شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيانى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۆيگەن.

* * *

رەھىمسىز كۆلپەتلەر ئەقىللىق ئىنسانىنىڭ بىلىمى.

* * *

دانىشمەنلەر ئۆز نۇقسانلىرىنى باشقىلاردىن سىر تۇتىدۇ، لېكىن خوتۇنلىرى بۇ سىرلارنى قوشنىسىغا مەخپىي دەپ بېرىدۇ.

* * *

تەقۋا كىشىلەر ئاچ قالغاندا، ئىبادەت ۋە ھېكمەتلەر ئۇنىڭ يېتەرلىك ئوزۇقى بولۇپ تۇرىدۇ.

* * *

گەرچە قوللىرىم گەۋدەمنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسىمۇ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىرلىشەلەيدۇ.

# ئېغىر تىنىقلار

قۇشلار ئىنسان قولىغا قالغاندا ئاچ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزى خالىغان نەرسىنى يېيەلمەيدۇ.

*　*　*

ئەته نېمە بولىدۇ؟ كىم بىلىدۇ؟ بۇ غايىب مەسىلىگە باش قاتۇرمايمىز، بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز — ھازىر، ھازىر — ئەتىنىڭ تۇنجى قەدىمى.

*　*　*

دانىشمەنلەر دۇنيانىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئادىل، راست چۈشەندۈرۈپ بەردى، ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇن چەتكە قېقىلدى.

*　*　*

مۇھەببەت ۋىجداننى كۆچەيتىپ بېرىدۇ.

*　*　*

تەبىئەتنى قۇتقۇزالمىساڭمۇ، تەبىئەتكە زىيانكەشلىك قىلما.

*　*　*

مەڭگۈ چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان ئادەم تاشپاقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مىجەزدىكى ئادەمدۇر.

* * *

بىز ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان چاغلىرىمىز، ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن ئىشلارغا قاتتىق بېرىلگەن ۋاقتىمىز ياكى ئىگىنى بىخودلاشقان ۋاقتىمىزدۇر.

* * *

دۇنيادا بىرلا تەڭرىگە ئىشىنىش كېرەك، بىز ئىشەنگەن نەرسە ئىككى بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ ئىشىنىش بولمايدۇ.

* * *

سەن ئىنسانىيەتنىڭ تراگېدىيىلىرىگە كۆز يۇمۇۋالساڭ، سېنىڭ پاجىئەلىرىڭنىڭ ئاۋازىنىمۇ ھېچكىشى ئاڭلىمايدۇ.

* * *

ئىنساننىڭ قەلبى بىردۇر، بۇ بىر قەلبكە بىرلا ئېتىقاد سىغىشى كېرەك.

* * *

ئاۋازمۇ مەۋجۇدلۇقنىڭ بەلگىسى. ئاۋازلىق خەلقنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ ئەمەس.

*　*　*

بىز بىراۋنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىيالىساق، ئۇلار بىزگە ئىشىنىدۇ. قىممەت ئەنە شۇنداق پەزىلەتلەردە ئاپىرىدە بولىدۇ.

*　*　*

تۇرمىنىڭ ياخشىسى بولمىسا كېرەك، مەھكۇملۇق شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر قىلدى.

*　*　*

ئىنسانىيەت شۇنداق بىر باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ باسقۇچ ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىشىش. بۇنىڭغا ئوخشاش دەھشەتلىك تراگېدىيىلەر ئاخىرقى باسقۇچتا يېڭى ئويغىنىشنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

*　*　*

ھاياتقا قىلىنغان ھاقارەت — ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماسلىق.

*　*　*

بۈركۈت قانىتىغا ئەمەس، ئىرادىسىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ تىك چوققىلاردا ماكان تۇتۇشىنى ئىرادىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

* * *

ئاددىي كاللىمىزدىكى يوشۇرۇن ئازاب بىزنىڭ ھاياتىمىزنى توختىماي نابۇت قىلىپ كەلدى. ئۇ، رايىشلىق.

* * *

بايلىق بايلىققا مۇناسىپ ئەمەس ئادەمنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالىدۇ.

* * *

باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدىغانلار جىسمانىي مەجرۇھلار ئەمەس، روھىي مەجرۇھلار.

* * *

بالىلار يىغلىسا بەزلىگىلى بولىدۇ، چوڭلار يىغلىسا ئۇنى قانداق پەسەيتكىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ھەسرەت تۆكۈلمەكتە.

* * *

خەلقىم ئازاب دەپ قارىغان نەرسىنى مەنمۇ ئازاب دەپ بىلىمەن، خەلقىم خۇشاللىق دەپ بىلگەن نەرسىنى مەنمۇ خوشاللىق دەپ بىلىمەن.

* * *

مەڭگۈ ئۇۋالچىلىقتا قېلىش شەھۋەت ۋە غەيۋەت باياۋانىدا

يۇرۇشتىن باشلانسا كېرەك، بۇ بىر دوستۇمنىڭ ئاددىي خاتىرىسى.

* * *

ياتقانلار ماڭغانلارنىڭ، ماڭغانلار يۈگۈرگەنلەرنىڭ، يۈگۈرگەنلەر ئۇچقانلارنىڭ غەيۋىتىدە بولۇپ كەلدى. ئۆلۈكلەرمۇ قەبرىلەردە جىم ياتالمىدى.

* * *

ئادەم توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇدى.

* * *

قۇياش — چېقىلغىلى بولمايدىغان شەيئى، ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ سىرتىدا ياشايدۇ.

* * *

بىز پۈتۈنلەي يالىڭاچلانغاندا، تەبىئەت بىزنىڭ چىرايلىق بەدىنىمىزگە ئوتلۇق قارىدى. ئۇ شۇ چاغدا بىزنىڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەندى.

* * *

بىز ئادىمىيلىك چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتكەندە، دۇنيادىكى بارلىق رەزىللىكلەر كۆزىمىزگە گۈزەل كۆرۈنۈۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*  *  *

تاغ ـ دالا، دەريا ـ ئېقىنلار جىمىپ كەتتى، ئادەملەر بۇنىڭدىن ئانچە ھەيران قالمىدى.

*  *  *

سادا مىسكەرچى ياكى تۆمۈرچىنىڭ بازغان، بولقىلىرىنىڭ ناخشىسى ئەمەس.

*  *  *

ئىلاھىيەت ھەقىقەتلىرى ۋە دانىشمەنلەر ھېكمەتلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىدۇر.

*  *  *

دېھقان — مېھرىبان تۇپراقتىنلا مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولدى.

*  *  *

ئاتىسىز قېلىشمۇ ۋەتەنسىز قېلىشتەك ئازابلىق بولىدۇ.

*  *  *

سودىگەرلەر مەزلۇم ئاياللارنىڭ شاپائەتچىسى بولۇپ قالغاندا، ئۇ ئاياللار تولىمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

*　*　*

بىز ياخشىلىق قىلغان قوشنىمىز بىزنىڭ ناخشىمىزنى ئېيتىدۇ.

*　*　*

بىز ئايالىمىزغا قانداق پوزىتسىيە ۋە قاراشتا بولساق، ئايالىمىزمۇ بىزگە شۇنداق قاراشتا بولىدۇ.

*　*　*

غاپىللار زۇلۇمغا يول بېرىپ كەلدى، ئۇلار زۇلۇمنى تېخى چۈشەنمىگەنىدى.

*　*　*

ئەركىنلىك ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئائىلىمىزگە كىرىپ قالىدىغان مېھمان ئەمەس.

*　*　*

غالىبلار شۇنداق سادا قىلدى: «ئازابلانسۇن تەسلىمچىلەر!»

*　*　*

سودا يوشۇرۇن ئەقلنى ئويغىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

شېئىر — روھنى پاكلاش مەلھىمى.

* * *

ئىبادەت بىزنى زېمىنغا توختىماي چىللاپ تۇرىدۇ.

* * *

بىكار تەلەپلەرنىڭ يېنىدا سېنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ كېتىشىڭ تايىنلىق.

* * *

هايات بىزگە كېرەكسىزدەك تۇيۇلغاندا، ئۇ بىزنى شۇ قەدەر ئازابلايدۇ.

* * *

غالىبلار بۇيۇك ناخشىلارنى ئاۋام بىلەن بىرگە ئېيتىپ كەلدى. ئۇلارنى ئاشۇ ئاۋامنىڭ ئاۋانگارت ناخشىلىرى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى.

* * *

يولۋاسنىڭكىدەك قىرلىق چىشىمىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوۋ ئوۋلىيالمايمىز.

* * *

شېئىر زامانىنىڭ ئازابلىرىنى شەرھلەپ بەردى، شائىر زەنجىرلەنگەن ئادەم بولۇپ قالدى.

* * *

ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا ئېنېرگىيە سەرپ قىلغىنىمىز ھاياتىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن نابوت قىلغىنىمىزدۇر.

* * *

غىلجىڭ ئەرلەر ئويۇن - تاماشىنىڭ سېسىق كۆلچىكىدە كوركىراپ يۈرگەن پاقىلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

يوشۇرغان مال - دۇنيالىرىمىز بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ھەم بىزنى ئاشكارىلايدۇ.

* * *

بۈركۈت ئۆز ئۇۋىسىنى بارلىق قۇشلارغا قارىغاندا بەكرەك قوغدارمىش، چۈمۈلىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە.

* * *

چىرايلىق تەلەپپۇز بىلەن يالغان گەپلەرنى قىلىدىغان كاززاپلارنىڭ سۆزلىرىگە كىشىلەر ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*   *   *

يىلان زەھەرلىك بولغاچقىلا بىز ئۇنىڭدىن يىرگىنىمىز، ئادەم زەھەرلىك بولغاندا بىز ئۇنىڭدىن يىرگىنمەي قالمايمىز.

*   *   *

تەڭرىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەڭ گۈزەل سۆزلەر، پەقەت تەڭرى ھېكمەتلىرىدۇر.

*   *   *

ھەرىكەت بولغاچقا، دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مۇھەببەت بولغاچقا، ئۇ گۈزەللىككە پۈركەندى.

*   *   *

ئادەت ـ يوسۇنلار — ئېتىقادنىڭ سايىسى.

*   *   *

پاكىز ئىنسان — باشقىلارنى سۆيۈشنى بىلگەن ئادەم.

*   *   *

بىر ئالىمنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى — پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئىللىق، سەمىمىي، ئادىل پوزىتسىيە تۇتۇش.

*  *  *

ئېغىر چۈشكۈنلۈك ئازابلىرىنى تارتقان ئەلنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى — پەلسەپە. پەلسەپە — ھاياتلىقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەڭ ئالىي يېقىلغۇ.

*  *  *

ئائىلىسىدە كەمستىلگەن باللار مۇھەببەتنى جەمئىيەتتىن ئىزدىدى، جەمئىيەت ئۇلارنى يەنىمۇ قاتتىق كەمستتى.

*  *  *

پادىشاھقا ئىتائەتمەن، رايىش خەلقنى ئۇزاق باشقۇرغىلى بولىدۇ، ئۇلار زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدۇ، بار - يوققا شۈكۈر قىلىدۇ.

*  *  *

جازالاش بىلەن ئىنسان تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

*  *  *

جاھان دانىشمەنلىرىنىڭ كۆپى پاسىق خانىنىڭ دېگىنىنى ۋاجىپ دېمىدى.

*  *  *

مەن «يالغانچى» دېگەن گەپتىن ئەڭ ئازابلىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

قاتمۇقات تۇمانلار ئورىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئاي ئۆز جامالىنى نامايان قىلماي قالمايدۇ.

*　*　*

دۇنيا قانداق بىنا بولدى؟ كەسكىن ئېلىشىش ۋە دۇشمەنلىشىش ئىچىدە ئاپىرىدە بولدى.

*　*　*

ئالىملار ئارام ئېلىش ئۈچۈنلا ئۇخلايدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى جاھالەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتىدۇ دېيەلمەيدۇ.

*　*　*

مەيلى ھەقىقەت بولسۇن، مەيلى سەپسەتە بولسۇن، ئۇلار سېنىڭ قەلبىڭدىن تۆكۈلگەنىكەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىگىسى.

*　*　*

بىر ئانا ئۆزىدىكى ناچار ئىشلارنى تەرك ئەتكەندە، ئۇ ئۆزىدىكى ئانىلىق پەزىلەتنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن بولىدۇ.

*　*　*

ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئەڭ ئالىي قۇرۇلۇشى — روھىي غالىبلىق.

* * *

سەۋر ـ تاقەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئازاب چىكمۇاتقان كۈنلەر ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلغىنى بىلەن تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنى گېگانتلارنىڭ تەجرىبە رىسالىسى شۇنداق ئىسپاتلاپ بەردى.

* * *

ئەرلىكى كۈچلۈك ئادەم ئاسانلا خاتالىشىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلار تۇرمۇشنى سۆيىدۇ، ھاياتقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.

* * *

ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئازابىنى تولۇق چۈشەنگەن ئادەم ناھايىتى ئاز كۆلىدۇ.

* * *

ئەخلاقنىڭ گۈزەل ھەم گېگانت قۇرۇلۇشى — مىللەت روھىيىتىنىڭ مەنىۋى قەلئەسى، بۇ بۇيۇك قەلئەگە ئاجىزلىق، غېربلىق، مەجرۇھلۇق. . . بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ.

* * *

شادلىققا غەم ئارىلاشمىسا، شادلىقنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىيالمايمىز.

* * *

شائىرلىرى ئەركىن ئىدىيىلىك ئەلنىڭ خەلقىنى باشقىلار قۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قىلىپ بولالمايدۇ.

* * *

قەيەردە خاتىرجەملىك، رايىشلىق، جىمجىتلىق بولىدىكەن، ئۇ يەر شۇنداق تېز كاردىن چىقىدۇ. مەۋجۇتلۇق دېگىنىمىز، كەسكىن جەڭ ـ توقۇنۇشتىن ئىبارەت.

* * *

بىزنىڭ دۇنيا جامائىتى ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلىشىمىزغا، كىبىر پەيدا قىلىشقا نىمە ھەققىمىز بار؟ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن «يوقالسۇن تەكەببۇرلار!» دەپ چۇقان سالىمەن.

* * *

زېمىن ئېغىر تىنىقلىرى بىلەن دۇنيا كىتابلىرىغا ئۆزىنىڭ قىسمەتلىرىنى مەخپىي يېزىپ قالدۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ پاجىئەلەرنى يېشىل ئاسمانغا چېچىۋەتتى.

* * *

بىزنى شۇنداق بىر ئۆلۈغ ئىستەك بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇ — ۋەتەن.

* * *

زۇلۇم كۈچلۈك بولغانسېرى، ئىبادەتمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

*     *     *

پۇرسەتنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى، ۋاقىتنى سۆيمىگىنىڭدىن كۆر، ئىنسان ئەنە شۇنداق بىلىپ ـ بىلمەي نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.

*     *     *

قەلبى پىنھاندا ئازابلىنىۋاتقان كىشىلەر — كىچىك سەۋەنلىكلەرنىمۇ گۇناھ دەپ قارايدىغان كىشىلەر.

*     *     *

كۆتۈرۈپ يۈرمىز سېسىق تېنىمىزنى، يوقىتىپ قويدۇق روھىمىزنى.

*     *     *

ئاتا ـ ئانىدا مۇھەببەت بولمىسا، باللار تېزلا ئۇنتۇلىدۇ.

*     *     *

ئۇلۇغ، غالىب كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى ئىلگىرىلەشنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى.

*     *     *

ئاتىمىز ئۇلگە بولالمىسا، ئانىمىز بولسىمۇ ئۇلگە بولسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

تەربىيە كۆرمىگەن ئانىلارنى، تەربىيە كۆرگەن گۆدەك بالىلارمۇ يېتەكلەپ ماڭالايدۇ.

* * *

ئاتا - ئانىمىز — بىزنىڭ ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ ياخشى دوستىمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس.

* * *

ئاجايىپ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تۇرۇپمۇ، بۇ ھەقتە پىكىر قىلالماسلىق، سۆزلىيەلمەسلىك، نېمىدېگەن بىچارىلىك — ھە!

* * *

بىر كۈنلۈك پائالىيىتىمىز ئاخىرلاشقاندا ئەقىل بىلەن خۇلاسە چىقارساق، كىچىك بولسىمۇ نەتىجىلىرىمىزدىن ھەقىقەتەن سۆيۈنىمىز.

* * *

مەن دائىم يېنىمدا ئەڭ ياخشى دوستلىرىم بار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشايمەن.

* * *

ئەللىك يىل ئەمەس، بەش يۈز يىلدىمۇ يېشەلمىگەن يەرنىڭ

ئىگىلىرىگە لەنەت، مىڭ لەنەت!

* * *

ئېتىقادىمىز — ھايات ۋە تۇرمۇشىمىزدا ئېرىشىدىغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ مۇكەممەل خەزىنىسى.

* * *

ئاچچىقىمىز كەلگەندە، قەلبىمىزدىكى يوشۇرۇن سىــــرلار تەبىئىي ھالدا ئاشكارىلىنىپ كېتىدۇ.

* * *

ئاجىز ھەم زەئىپ ئاڭلىنىۋاتقان سۆزلەر پىچىــــرلاۋاتقان قورقۇنچاقلارنىڭ سۆزلىرىدۇر. بۇ سۆزلەردىن مەنە ۋە ھېسسىيات تاپالمايمىز.

* * *

چىرايلىق سۆزلەرنى تىڭشىمىغان زامان، لەنەتلىك، نەپرەتلىك سۆزلەرنى تىڭشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

* * *

ئىرادىلىكلەر قول - پۇتىنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلمىدى، ئۇ بايلىق ۋە باشقا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قول - پۇتىدىن ئىزدەپ تاپتى.

www.uyghurkitap.com

* * *

ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىش، دانىشمەنلەرنىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ئۇلار دۇنيا ئىشلىرىغا شۇ دەرىجىدە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

* * *

قارىغۇ بولمىغانىكەنسەن، كۆزۈڭنى ئېچىپ يۈر، گاچا بولمىغانىكەنسەن، سۆزلەپ يۈر. بىز ھەقىقەتنى كۆرەلىگەن ھەم ھەقىقەتنى سۆزلىيەلىگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىمىز.

* * *

ئىنساندا تەڭرىگە خاس خىسلەتلەر بولمايدۇ، ئىنسان پەقەت ئىنسانلىق خىسلەتلىرى بىلەن ئىنسان.

* * *

ھايات — كۆپ قەسەم ئىچكەنلەرگە، كۆپ نېمەت بەرگەن ئەمەس.

* * *

ۋاقىت — ھاياتىنىكى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ياكى كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

* * *

بىز ئەركىنلىكىمىزدىن ھاياتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس

قىلدۇق. مەھكۇملۇقىمىز تۇپەيلىدىنمۇ ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالىدۇق.

*　*　*

ئەسلىدە دۇنيادا بۇزۇق يول يوق ئىدى، ئۇنى بۇزۇق ئاياللار بىلەن بۇزۇق ئەرلەر پەيدا قىلدى.

*　*　*

ئىنسان ئۆز ئېتىقادى بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىكىگە يېتىدۇ.

*　*　*

ساختىپەزلەر سەمىمىي خەلقنى رەڭلىك گەپ بىلەن ئالداپ كەلدى. يالغانچىلار يالغان بىلەن قايمۇقتۇردى. مۇناپىقلار ھىيلە بىلەن سېتىپ كەلدى...

*　*　*

يوللار يوللاردىن ئۆزۈن، شەھەر شەھەرلەردىن، ئادەم ئادەمدىن ئۇلۇغ بولۇپ كەلدى. كەلگۈسىدىمۇ بۇ ئىشلار شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بىز تېخى تەڭداشسىز نەرسىنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

*　*　*

ھەر ئادەم ئۆز چۈشىنىشىدە ياشىدى، دەريانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بېلىقچى ۋە سالچى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. قەلەمنى يازغۇچىدىن سورىساقلا كۇپايە، مۇشۇنداق بولسا دۇنيا بىزگە يەنىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

* * *

زوراۋانلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقانلارنىڭ مەخپىي ئارخىپى، ئەبەدىي كۆيدۈرۈۋېتىلمەيدۇ.

* * *

سەگەك ئادەم دائىم پەرۋاز ھالىتىدە تۇرىدۇ.

* * *

بىز ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز سۈرىتىمىزنى مۇكەممەل سىزىپ چىقالىشىمىز ياكى چىقالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئىشقىلىپ سۈرەتنى سىزماي قالمايمىز.

* * *

قايسى دەۋردە بولسۇن، قەلەمدىن كۈچلۈك قورالنىڭ بارلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

* * *

ئۇ گۈلنىڭ ئىسىل خۇش پۇرىقىدىن ھۇزۇر ئالدى، بۇ گۈلنىڭ گۈزەللىكىدىن شادلاندى، مەن گۈلنىڭ تىكىنىدىن يۈكسەك مەنە تاپتىم.

* * *

دۇنيادىكى بارلىق يامان ئىشلار ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنتۇلىدۇ.

*   *   *

ئەقىللىق ئادەملەر ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەت شىپالىق دورىدۇر.

*   *   *

قامچاڭ بولمىسا ئات مىنىمەن دېمە، ئۇنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان نەرسە — قورال.

*   *   *

يول بولمىسا پۇل بولمايدۇ دېگۈچىلەرنى كېسىپلا خاتا ئېيتتى دېيەلمەيمىز.

*   *   *

يېڭى رىقابەتنىڭ سىناقلىرىغا بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن بەرداشلىق بەرگىنىمىزدە، كەلگۈسى بىزنى ئەڭ ئالىي مېھمانخانىسىدا كۈتۈۋالىدۇ.

*   *   *

جاھان رەئالىرىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇپ قېلىشى، جاھان ئەركەكلىرىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلىقىدىن.

*   *   *

بىز ئۆزىمىزدىن ئارتۇق ئادەملەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

ياخشى كىشىلەر ئاياللار ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئاياللىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

* * *

ئۆگەي بولسىمۇ ئانا بولغانغا يەتمەيدۇ. بىز ئۇنى ئۆگەي دەپ قارىمىساقلا ئۇ ئۆگەي ئەمەس.

* * *

ئەقىللىق كىشىلەر دانىشمەنلەرنىڭ گۈزەل پىكىر ۋە يېڭى قاراشلىرىنى مۇتالىئە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنىڭ خەرتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ.

* * *

ئىنسان — تەڭرىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغان خىيالى.

* * *

بالىلارنى غەپلەتلەردە قالدۇرغان ناخشا - مۇزىكا بىزنىڭ ناخشا - مۇزىكىمىز ئەمەس.

* * *

بىز ئۆزىمىزنى خاراكتېرىمىز بىلەن باشقىلارغا تونۇتىمىز.

* * *

سىلەرنىڭ ئەخلاقىڭلار سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

* * *

بىزنىڭ پىكرىمىزنى قۇمدەك چېچىۋاتقان نەرسە — كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلار.

* * *

ئۇنىڭ گەپ - سۆزىدىنلا ھەممىنى قىلالايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەمكىنلىكى ۋە مۇلايىملىقىدا قارىغاندا چوڭ ئىشلارغا پۇرسەت كۈتۈۋاتسا كېرەك. خاراكتېر ئىنسان قەلبىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

* * *

ئىنسانلىقنى ئۇنتۇغانلارنىڭ كۆپى ھايۋان بولدى. ئۆزىدىن ھالقىغان ئادەملەر ئىچىدىمۇ بىز تېخىچە ئەۋلىيالارنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

* * *

ئازابلارنى بىلمەسلىك ۋە ئازاب ھەققىدە ئويلانماسلىق ئاجىزلارنىڭ خاراكتېرى بولسا كېرەك. پەيلاسوپ نىتزى ئاجىزلار ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «يوقالسۇن ئاجىزلار!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

كىتاب دۇنيانىڭ ئوچۇق تەرەپلىرىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرى تېخى سىر.

* * *

تەجرىبىڭىز بولمىسا، ھاياتنىڭ بۇ مەخپىي ۋە ئاشكارا يوللىرىدا ئادىشىپ قالىسىز.

* * *

ئۇخلىغان ئادەمنى ئاستا شىۋىرلاشلار ئويغىتالمايدۇ.

* * *

دۇنيا ماختانغانلارنى ياقتۇرۇپ كەتكەن ئەمەس، كەمتەر، سەممىيلەرنى تاشلاپ قويغىنى يوق.

* * *

كۆز — دۇنيانىڭ كىچىك تەرەپلىرىنىمۇ كۆزىتىپ كەلدى، كىشىلەر ئۇنى قاراۋۇل، دەپ ئاتىدى.

* * *

غېرىبلىقىمىز — بىزنىڭ مەنىۋى پاجىئەلىرىمىزنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشى.

* * *

بەخت ئادەمگە قانداق مۇھىم بولسا، بەختسىزلىكمۇ شۇنداق مۇھىم.

* * *

شېئىر — كائىنات ۋۇجۇدىدا ئېقىپ يۈرگەن شائىرنىڭ روھ كەلىمىسى.

* * *

ئانا يەر — بىزگە ئىزگۈ دۇئا قىلىۋاتقان مېھرىبان ئانا.

* * *

ئىنسانلارنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرىنى توسالمىغان ئەخلاق شۇ ئەلدە ئەڭ بىچارە نەرسە سۈپىتىدە چەتكە قېقىلىدۇ.

* * *

ئەرلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى راستچىللىقتا ئىپادە تاپتى.

* * *

مەيلى ئادەم بولسۇن، مەيلى ھايۋان بولسۇن، ئۆزىنىڭ تىلىنى سۆيۈملۈك دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز تىلىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

*    *    *

پىشىپ يېتىلمىگەن هايات ساپال كۈپتەك چېقىلىپ كېتىدۇ. تەجرىبىسىز تۇرمۇشمۇ يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قاڭقىپ تىتىلىپ كېتىدۇ.

*    *    *

قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ياشىساق، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى هېس قىلالمايمىز.

*    *    *

بىراۋ ساڭا قولىنى ئۇزارتقاندا، سېنىڭدە ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇنى تەڭرىنىڭ گۈزەل سۆزلىرى بىلەن بولسىمۇ رازى قىل.

*    *    *

بىر نادان تەڭرىگە يۈزلەنگەندە، تەڭرى ئۆز دەرگاهىدىن ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە بىلىم بېرىدۇ.

*    *    *

باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس، پەقەت ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورلىغان كۈنلىرىمىز بىزنىڭ مەھشەر كۈنلىرىمىزدۇر.

# قىزىل قان

يوللار يوللارغا تۇتاشتىيۇ، قەلبلەر قەلبلەرگە تۇتاشمىدى، دۇنيادا يېڭىدىن ـ يېڭى پاجىئەلەر باش كۆتۈرمەكتە. . .

* * *

يۈكسەك شېئىرلار تراگېدىيىلىك قىسمەتلەرنىڭ بولىقىدىن تۇغۇلىدۇ.

* * *

تەبىئەتنىڭ ئىللىق قويندىكى كىچىك گىياھلاردىمۇ ھاياتقا بولغان يۈكسەك ئىنتىلىش بار.

* * *

پۇت ـ قولىمىزغا كىرگەن تىكەن، بىزگە ھېكمەتلىك ناخشا ئېيتىپ بەردى.

* * *

ھەقىقىي سەنئەتكارلار ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە توغرا ۋە ئادىل پىكىر قىلىدۇ.

* * *

ئالەمدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىدىيلەر ئىنسانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تراگېدىيىلىك ھايات مەنزىللىرىدە تەۋەللۇت بولىدۇ.

* * *

چەكلەنگەن ياكى مەۋھۇم نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان ئادەمدە ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش روھى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

* * *

تىل — كىشىلىك ھايات ۋە تۇرمۇش قۇلۇپىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. ئۇ ئەنە شۇلار ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ كەلدى.

* * *

ئۆزگە ئىشەنگەن ئادەم باش ئەگمەيدۇ.

* * *

سەنئەت — دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەزمۇنى.

* * *

پەلسەپە — ھاياتلىقنىڭ خىلمۇخىل مەزمۇنى.

* * *

گېنىراللار پەقەت جەڭ مەيدانلىرىدا كەمتەر بولالىغان، جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز ئۇلارنى تونۇيالماي قالىمىز.

*    *    *

زېمىندا پۈت تىرەپ تۇرۇش ياكى ئۆزىمىزنىڭ بۈيۈكلۈكىنى نامايان قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزدە مۇكەممەل ئەخلاق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

*    *    *

ھەسەلدە زەھەرلىنىپ قالىدىغان ئادەملەر بار. ئۇلار — ئاچ كۆزلەر.

*    *    *

سەن زەھەرلىك يىلانغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىڭ ئۈچۈن خارسەن.

*    *    *

بىلىم ۋە ئەخلاق ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ئىككى مۇھىم قانىتى.

*    *    *

زۇلمەت باسقان ئوتتۇرا ئەسىر بىزنىڭ بۇ زېمىندا ئۆزىنى يېڭى ئەسىر، دەپ جاكارلىدى، تالاي كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەندى.

*    *    *

بىز بالىلارغا ئىچ ئاغرىتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى بوغۇپ قويىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*      *      *

ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئويلاشنى خالىمايدىغان قىز ئاسان خاتالىشىدۇ.

*      *      *

ئىرادە — بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ يولباشچىسى.

*      *      *

ئىرادىسى قانغان ئەركەك ھايۋانلاردا قانائەت تۇيغۇسى تېز ئىپادە تاپىدۇ.

*      *      *

يۈكسەك ئىدىيىمىز بولمايدىكەن، بىزنى چىرماپ تۇرغان ئازابنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئۈمىد يوق.

*      *      *

ماڭا نەسىھەت قىل دېگۈچىلەرگە، چىداملىق بول دېگەن گەپنى مەسلىھەت بېرىمەن.

*      *      *

مال ـ دۇنياسى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن ماختىنىدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىنىمدا، سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىۋالدىم.

* * *

ئىرادە بولسا، ۋەتەن بولىدۇ. بۇ ۋەتەننىڭ كىلەچىكى ئۈچۈن بىلىنى مەھكەم باغلىغان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق رىسالىسى.

* * *

قۇم توزانلىرىدەك چېچىلىپ تۇرساق، ئۇلۇغلۇقتىن سۆز ئېچىشتىن ئۇيۇلىدىكەنمىز.

* * *

ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلماسلىق.

* * *

بىزنىڭ بۈيۈك ھاياتلىقىمىز — بۈگۈنىمىزدە، پەقەت بۈگۈنىمىزدە.

* * *

كۈچلۈك ئىرادىمىز بولمىسا، ئاسانلا ۋاز كېچىپ كېتىمىز. بۇ ئېتىقادىمىزنىڭ ئاجىزلىقمۇ، روھىمىزنىڭ ئۆلۈكلۈكىمۇ؟… مەن چەكسىز ئىزتىراپلار ئىچىدە قالدىم.

* * *

ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان بالىلار — ئەڭ ئۈمىدلىك بالىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

ۋۇجۇدىمىزدا ياخشىلىق قىلىشلا بولسا، باشقىلار دېمىسىمۇ بىز ئۇنى قىلىمىز.

*   *   *

پاسىقلارنىڭ سوۋغىتى هارامدۇر.

*   *   *

ئاجىزلار تۇرمۇشنىڭ قىيا - چىيالىرىدىن ئاسانلا قايمۇقۇپ قالىدۇ.

*   *   *

سەۋرلىك كىشىدە تەڭرىدەك تەمكىنلىك بار.

*   *   *

يالغۇز ياشىغۇچىلاردا ئىستىقبال بولمايدۇ.

*   *   *

مارجان ئاراللار — دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ناخشىسى.

*   *   *

ئاياللارنى كىم ئاجىز دېيەلىسۇن؟ ئۇنداق ئەمەس، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا هەۋۋا ئانىنىڭ قىزلىرىنى تېخى بىرمۇ ئەر بويسۇندۇرۇپ

باققىنى يوق.

* * *

بىز يېتەلمىسەك، باشقىلار يېتىدۇ. بىز ماڭالمىساق، باشقىلار ماڭىدۇ. بىز ئالالمىساق، باشقىلار ئالىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، سەنمۇ باشقىلاردەك بول.

* * *

ئېگىز چوققىلار گېگانتلارنى ئۆزىگە چاقىرىپ تۇرىدۇ.

* * *

بىز غالىبلاردىن بولالمىساقمۇ، غالىبلارنى ھۆرمەتلەشنى ياكى ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى بىلسەكمۇ بولىدۇ.

* * *

بىر ئادەمنىڭ شاۋقۇنى كىچىك بىر ئېقىننىڭ شاۋقۇنىدۇر. بۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئانچە جەلپ قىلالمايدۇ. ئۇلۇغ شاۋقۇنلار ئىنسانلار توپىنىڭ شاۋقۇنىدۇر، ئۇ زېمىننى زىلزىلىگە سالىدۇ.

* * *

مۆمىنلەر دوستلىرىنىڭ يامان غەرەزلىرىنىمۇ كەچۈرەلەيدۇ.

* * *

روھىي كېسەل كىشى تېنى كېسەل كىشىگە قارىغاندا بەكرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئازابلىنىدۇ.

* * *

بىر نۇر ئېقىنى ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە چاقىردى. بىز ئۇ چاقىرىقتا قىزىقىپ قالدۇق.

* * *

ئۆلگەن ئادەم نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە بايقاشلاردىن كېيىن، قايتا تىرىلىدۇ.

* * *

بۇقا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىر جۈپ مۈڭگۈزىدىن ئايرىپ قارىمايدۇ.

* * *

ئىلىم ساھىبلىرى ئۆز ئىرادىسىنى كىشىلەر ۋۇجۇدىغا ئاسان سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

* * *

ھەر شەيئى ئۆز خاسىيىتى ۋە گۈزەللىكى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئاجايىپ مەنىلەر يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

* * *

ئويلاپ ئولتۇرغۇدەك ئىشلار بولمىسا، كۆپ ئويلىنىپ

كەتمەسلىك كېرەك.

*　*　*

كۆچلۈك قارشىلىق ئىچىدە، يېڭى شەيئى پەيدا بولىدۇ.

*　*　*

تەبىئەتتىكى نۇرغۇن شەيئى ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى سىرتىدا ياشايدۇ.

*　*　*

مەردانىلەرنىڭ ھاياتى غەيۋەت، سۆز - چۆچەك، پىتنە - ئىغۋادىن كۆكىرىپ تۇرىۋېرىدۇ.

*　*　*

بىز سۆزلىگەنلەردىن سۆزلەشنى، ماڭغانلاردىن مېڭىشنى ئۆگەندۇق. بىر ياخشى يېرى: بىز ئۇلار بولۇپ باقمىدۇق، يەنە بىز ئۆز پېتىمىز تۇرۇۋەردۇق.

*　*　*

يامغۇر كۆكنىڭ شېرىن قەلبىدىن ئىبارەت.

*　*　*

ئۇخلاپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن.

www.uyghurkitap.com

* * *

بىزنىڭ كۆپلىرىمىز ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىمىز، ناھايىتى ئازلىرىمىز ئاۋام ھەققىدە ئويلىنىمىز.

* * *

ئەركىن ھېسسىيات ئىچىدە، يۈكسەك تەپەككۇر بولىدۇ.

* * *

ئۈمىد — ئەڭ كۈچلۈك ئىنېرگىيە، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى قوزغاتقۇچ.

* * *

بىز ئۈمىدىمىزنى پەقەت ئۆزىمىزگە ئىشەنچ بىلەن باغلىيالىساقلا، غەلىبە بىزنىڭ بولماي قالمايدۇ.

* * *

كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدىغان بالىلار ئاتا - ئانىسى ئوسال ئادەتلەر بىلەن تەربىيىلىگەن بالىلاردۇر.

* * *

بىز ئايالىمىزغا قارىغاندا پەرزەنتىمىزنى ياخشى چۈشىنىمىز.

*　*　*

بەزى ھېكمەتدارلار سىر بولمىغان نەرسىنى سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىپ كەلدى. ئەپسۇس، سىرلار ئېچىلغانسېرى ھېكمەتدارلار سىرلىق بولۇپ كەتتى.

*　*　*

دانىشمەن تىلى بىلەن تەڭرى سۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

*　*　*

خورلانغان، چەتكە قېقىلغان، ئېغىر كەمسىتىلگەن ھەقىقەتچىلەرگە گۇمان بىلەن قارىمايمەن.

*　*　*

باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى سېنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

*　*　*

بىز قايسى مۇھىتتا ياشايلى، شۇ يەرنىڭ گېپىنى كۆپ قىلىمىز.

*　*　*

سەممىي كىشىلەر ئۆزىگە مۇناسىپ خۇشاللىقنى باشقىلارغىمۇ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



* * *

يوكسەك كىشىلەر كۆلپەتلىك كۈنلەردىمۇ، ئۇلۇغوار ئىرادىلىرىدىن سۇسلاپ قالغان ئەمەس.

* * *

كۆز دۇنيا كۆلپەتلىرىنى قانچە تېز كۆرسە، قولاق دۇنيا تەشۋىشلىرىنى شۇنچە تېز ئاڭلايدۇ.

* * *

بالىلار مەكتەپنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ، ئۇلار مەكتەپ، مۇئەللىم ھەققىدە ئەڭ راست گەپلەرنى ئېيتالايدۇ.

* * *

بەزىدە شۇنداق خىياللارنى قىلىپ قويىمەن: نەچچە ئەسىردىن بېرى باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە كۈچ قوشۇپ، ئۇنى قۇۋۋەتلەپ كەپتىمىز، بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق؟ ئەقىل ئاخىر بىزنىڭ ئىرادىمىزنى ئىزدەپ تاپىدىكەن.

* * *

ۋەتەن بولمىسا ئەڭ بۈيۈك قانۇنمۇ ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ.

* * *

زالىملار نەغمە قۇرغان سورۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى كۆپ بولمايدۇ.

* * *

ھەققانىي ئىش قىلغۇچىلار قىلغان ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زىيىنىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

* * *

ئۇلۇغۇار كىشىلەردىن بولايلى، مىليونلىغان گۈزەل ئارزۇلۇق كىشىلەر بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلايلى، ئارزۇلار مەڭگۈ قوشۇلۇپ كەتسۇن.

* * *

يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدىغان جىنايەتنىڭ ئەڭ يامىنى زىنا، ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ ئەڭ يامىنى غەيۋەت.

* * *

بىزنىڭ مېھرىبان قولىمىز ئاجىزلارنىڭ بېشىغا ئىللىق مۇھەببەت بەرسە، دۇنيانىڭ ئازابلىرى خېلى يېنىكلەپ قالىدۇ.

* * *

ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغان چاغلىرىمىز تەكەببۇرلاشقان ياكى چۈشكۈنلەشكەن ۋاقتىمىزدۇر.

* * *

بۈگۈننى كۆرەلىگەن روشەن كۆزلەر ئەتىنىمۇ كۆرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

بىز «مەن» بولۇپ چېچىلىپ كېتىمىز، زامان تراگېدىيىلىرى «بىز» قىلىپ يىغىدۇ.

* * *

بىر مۆھىت، بىر ماكان، بىر زاماندىكى سەنئەتكارلارنىڭ قارىشىدا ئوخشاشلىقلارنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

* * *

ئىتتىك غەلىبە قىلىمىز دېسەكلا، ئىتتىك مەغلۇپ بولۇپ قالىمىز.

* * *

تۇرمۇش دېگەننىڭ ئۆزى چەكسىز سوئاللار خەزىنىسى، تۇرمۇش دېگەننىڭ ئۆزى يەنە چەكسىز جاۋابلار ئامبىرى.

* * *

دۇنيادا پەقەت ئاياللار بىلەن زەردارلار ئۆلۈمدىن ئەڭ قورقىدۇ.

* * *

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمىزدە، ماڭقۇرتقا ئايلىنىمىزدە، بارلىق رەزىللىكلەرگە جۈرئەت قىلىمىز.

* * *

بىز ھەرقانداق نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلىگىنىمىزدە، ئۇنى ياخشى كۆرىمىز ياكى ئۇنىڭدىن يىرگىنىمىز.

* * *

ئىنسان ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئۇنۇملۇك دورىسىنى تاپقۇچە ئازابلىنىدۇ.

* * *

قىزلارنىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

* * *

تەڭرى مېنى ئەزىمەت قىلىپ ياراتتى، كۆكرىكىمدە سوققان يۈرەك چىڭگىزخان ۋە ئىسكەندەرنىڭ يۈرىكى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى.

* * *

ئىنسان ئازابلىرى ئىچىدە شۇنداق بىر ئازاب مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ، بىز ئۇنى كىشىگە ئېيتالمايمىز.

* * *

مەن ئۆزۈمدىن ھالقىدىم، مانا بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرمەكتىمەن. مەن بار ئاۋازىم بىلەن «مەن تىرىكمەن» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

تۇۋۇلىدىم.

* * *

بىزنى يۆلەپ تۇرغان، بىزنى مەۋجۇت قىلىپ تۇرغان، بىزنى سۆزلەتكەن، بىزنى ياخشى پائالىيەتلەرگە مۇيەسسەر قىلغان نەرسە: ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ دۇئاسى، قوشنىلىرىمىزنىڭ روھى، تەڭرىنىڭ شىپالىق سۆزلىرى.

* * *

بۈگۈنكى كۈندە بىزنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتقىنى — تۇرمۇش، يەنىلا تۇرمۇش. . .

* * *

كەلگۈسى بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولۇشى كېرەك.

* * *

بىز بىچارە ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغان چاغلىرىمىزدا، ئۆلارنىڭ يارىماسلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

* * *

باشلىنىش ئۆتۈقلۇق بولسا، ئاخىرلىشىشمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

* * *

دانىشمەنلەر يېگانىلىك ئىچىدە دۇنيا ھەققىدە گۈزەل سۆز قىلدى. ئۇ كۆزدەك كۆزنەكتىن قاراپ دۇنيا ماھىيەتلىرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندى.

* * *

نىيىتىمنىڭ پاكىزلىقى — ھاياتىمنىڭ پاكلىقى.

* * *

دانىشمەنلەر بېشارەتلىرىدىن قارىغاندا، زامان ئاخىرىدا دۇنيادىكى ئەڭ پەس، ئەڭ چۈپرەندى كىشىلەر ھوقۇق تۇتارمىش.

* * *

دۈشمەنگە تاكتىكا (ئەقىل) ئۆگەتسەڭ، ئۇ بىرىنچى بولۇپ سېنى يوقىتىدۇ. جاھان تارىخىدا مۇنداق تراگېدىيىلەر ئاز بولغان ئەمەس.

* * *

ئاياللىق — ئالەمنىڭ بېزىكى، ئىنسان يارالمىشىنىڭ سىرلىق خەزىنىسى.

* * *

دىيانەت — ئەڭ ئالىي گۈزەللىك. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت، پەزىلەت ۋە باشقا ئىزگۈ خىسلەتلەر بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئادالەت — گۈزەللىك چىچىپ يۈرگەن ئەخلاق.

* * *

بىزنىڭ دوستلىرىمىز بۇ دۇنيا گۈزەل، دەپ قارىغان كىشىلەردۇر.

* * *

كىشىلىك هايات ۋە تۇرمۇش چوڭقۇر تراگېدىيىلەر ئىچىدە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

* * *

بىزنىڭ ئىززەت - نومۇسىمىز — بىزنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمىز. ئۇ قوغدالسا، ئاسرالسا ئەۋلاد ۋە ئەجداد سەلتەنىتىنىڭ گېگانت تاملىرى مەڭگۈ غۇلاپ چۈشمەيدۇ.

* * *

ھەقىقەت بولمىغان قەلبتە مېھرىبانلىق بولمايدۇ.

* * *

ناخشا — مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان ئېقىن.

* * *

نوقسانسىز ئايالىلار ئاسان قارىلىنىپ قالىدۇ.

* * *

ياخشى كىشىلەر ئامال ـ چارىسىز قالغاندا، كىشىلەرگە ئۆز ھاجىتىنى ئېيتىدۇ.

* * *

گۇناھلىرىڭنى يوشۇرۇشنى بىل.

* * *

ئۆردەككە سۇ يۇقمىغان بىلەن، ئادەمگە قارا تېز يۇقىدۇ.

* * *

يوشۇرۇن مەقسەتلەر تېز ھەم ئوتتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

* * *

بەدەل تۆلەپ يېگەن نېنىمىزنىڭ تەمى تولىمۇ مەززىلىك.

* * *

ھېكمەت — ئىنساننىڭ كۈچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

بەزىدە خام خىيال تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۆۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن.

* * *

ئاۋازىڭ يېقىمسىز بولسىمۇ، سۆزلىرىڭ گۈزەل بولسا كىشىلەر سۆزلىرىڭنى ئاڭلىماي قالمايدۇ.

* * *

قايىنىغانغا ياكى قاراپ تۇرغانغا مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ، ھەرىكەت قىلىش كېرەك، پەقەت ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

* * *

ھازىرنىڭ ئۆزى — غەلىبە، كۈرەش، ئىزدىنىش، پۇرسەت، رىقابەت، ئېلىشىش...

* * *

ئىنسان ھەر نەرسىگە قىزىقىپ قارايدۇ، بۇ ھەربىر شەيئىدە ئۆزگىچە سەنئەتنىڭ يوكسەك ئىپادىلىرىنىڭ بولغانلىقىدا.

* * *

ئېقىپ كىردىم دەريا ئىچىگە، سىڭىپ كەتتىم شاۋقۇنلىرىغا، ئۇنىڭ ناخشىسى سۆيۈپ قويدى پېشانەمگە.

* * *

نۇرغۇن باللار ئۆزى خالىغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، مانا شۇنداق باللار ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىدۇ.

* * *

بىز ياخشى كۆرگەن نەرسە مەخپىي بولىدۇ.

* * *

تەشۋىشلەر ئىچىدە دېلىغۇل بولۇپ يۈرىدىغان ئاياللىڭ مەخپىي پائالىيىتىنى ئېرى ھامان بىلىپ قالىدۇ.

* * *

ساداقەتلىكتە ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىق تارىلىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئاياللار ئەركەكلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

* * *

ئاغدۇرۇلغان سەلتەنەتلىرىمىزگە ھەققانىيەتچىلەر ئەڭ ئادىل تارىخ يازدى ھەم ئەڭ توغرا، راست گەپ قىلدى.

* * *

ئەقىلنى مۇھەببەت تەربىيىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىرلار ئاقىۋەتتە بىزنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويىدۇ.

* * *

ئىرادە — ئىلگىرىلەشنىڭ كۈچى، ئېتىقاد — ھاياتنىڭ كۈچى.

* * *

مەن ئۆزۈمنى قىزلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن، شۇنداقتىمۇ بەكلا ئاسان ئىشىنىپ كېتىمەن. بۇ مېنىڭدىكى ئادەم ئاتىنىڭ مىجەزى.

* * *

قانلىق تارىخنىڭ ئىبرەتلىك قىسمەتلىرىنى يەكۈنلىگەنلەر بارمۇ؟ ھاياتىمىزنىڭ بۈگۈنىدىن خۇلاسە يازغۇچىلار بارمۇ؟ ... ئەي گېگانتلار كۆزىمىزنى ئېچىۋېتەيلى. كېلەچەك بىزنى ھاقارەت قىلمىسۇن.

* * *

ئاياللار مەيلى يالىڭاچ بولسۇن ياكى نىقابلانغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەپتۇنكارلىقى ئۆچۈپ قالغىنى يوق.

* * *

ئىشىنىش دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ تۈنجى قەدىمى.

* * *

نۇرغۇن كىشىلەر يۈگۈرگىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

* * *

ئاتا سۆزى — ئاللانىڭ سۆزى.

* * *

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزى بەربات قىلىدۇ.

* * *

ئەرلەر دەس بولالمىغاندا، ئاياللار ئۆلاردىن تەبىئىي ھالدا يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

* * *

ھازىرقى زاماننىڭ شىتىلە، ناپاك ئاياللىرى تەكەببۇرانە ھالدا ئۆزىنى ئالىيجانابلار سىياقىدا كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

* * *

سەنئەتكار — يېتىۋالغان دۇنيانى سىلكىپ تۇرغۇزغان ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

دانىشمەنلەرنى كېرەك قىلىنمىغان ئەلنىڭ هالاكىتى شۇنداق تېز بولىدۇ.

* * *

تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان چۈش — قىزلار، پەقەت قىزلار.

* * *

هېكمەت ئىگىلىرى دۇنيانىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كارۋانلاردۇر.

* * *

ئۆيگىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئادەم گاڭگىراش ئىچىدە قالىدۇ.

* * *

سەنئەت — هاياتنىڭ تارتقان زۇلۇملىرىنى يارقىن تىللار بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈچى ياكى لىرىك هېسسىيات بىلەن هەقىقىي مەنىسىنى سىزىپ بەرگۈچى.

* * *

خىجىللىق — ئەخلاق دەرىخىنىڭ كىچىك بىر شاخچىسى.

*   *   *

ئىنسان نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قالغاندا، يالغان سۆزلەشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

*   *   *

ئۆز مۇھەببىتىمىزگە سەرپ قىلغان شەھۋىتىمىز — تەن ۋە روھىمىزنىڭ ئىپتىخارى.

*   *   *

ھالال جۈپتىمىز بىلەن كۆڭۈللۈك بولغان جىنسىي تۇرمۇشنى پەسكەشلىك، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

*   *   *

بىز كىچىك سىناقلارغا بەرداشلىق بەرسەك، چوڭ سىناقلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايمىز.

*   *   *

پەرىشان روھ، پەرىشان تەن، پەرىشان تۇرمۇش، پەرىشان سەنئەت، پەرىشان ھايات... بۇ قورقۇنچلۇق تراگېدىيىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرى بىزنى مەۋجۇتلۇق دېڭىزىغا ئېلىپ چىقتى.

*   *   *

كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما ئېرىشكىلى بولمايدىغان مىسلىسىز گۈزەللىك كائىناتنىڭ يۈرىكىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

* * *

تەقۋادارلار ياخشىلارنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئىللەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ كەتمەيدۇ.

* * *

زېرەك كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىدىن كۆكلىگەن كىچىككىنە گىياھدىمۇ گۈزەللىك بولىدۇ.

* * *

بىز ھەربىر قەدەملىرىمىزدە گۈزەل قىزلارغا قايرىلىپ قارايمىز، بىراق ئۇلارنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيمىز.

* * *

بىز غۇۋا ئالەمنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئەمما غۇۋا ئادەمنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز.

* * *

قوم بارخانلىرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئادەملەر قايسى دەۋرگە مەنسۇپ كىشىلەر؟ ئۇلار نېمىشقا چۈشكۈن؟ نېمىشقا غېرىب، نېمىشقا ئاجىز؟ . . . بۇنىڭغا قېنى كىم جاۋاب بەردى؟ مەن ئازابلىق پىغان چەكتىم.

*   *   *

بىراۋنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە قەبرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن سىرلىرى، بىراۋنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ساقلاپ قالدى.

*   *   *

بىز زۇلۇمنى تونۇمىغانسېرى، ئۇ بىزگە شۇنچە تېز يېقىنلىشىپ كېلىدۇ.

*   *   *

ھاياتلىق ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر قەلبىدە شۇنداق بىر دەرەخ كۆكىرىپ، مېۋىلەپ تۇرىدۇ.

*   *   *

نۇرغۇن سىرلار ھايات ئاخىرلاشقۇچە ئاشكارىلىنىپ بولىدۇ.

*   *   *

تاغلارنىڭ خىيالى مېنىڭ خىيالىم، ئۇ چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە ئېتىقاد ۋە غۇرۇرنى ساقلاپ كەلدى.

*   *   *

پۇرسەت يېتىلسىلا رەقىبىڭنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىككىلەنمە، بولمىسا ئەبەدىيلىك پۇشايماننىڭ ئىچىدە كۆيىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

بىز ئۆزىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېز بايقايمىز.

* * *

قېرىلارنىڭ كۆپ گەپ قىلىشىدىن، جېدەل قىلىشلىرىدىن ئەپسۇسلانمايمىز، چۈنكى ئۇلار بالىلىقىغا قايتقانىدى.

* * *

قۇشلار زىمىستاندا يىتتۈرۈپ قويغان ئۈۋىسىنى باھاردا تېپىۋالدى. چۈنكى ئۇلار ئۈۋىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

# ئويلار

قېنى بىزنىڭ كېگانتلىرىمىز؟ دەپ سورىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق غېرىبلىق ئىچىدە ئەزىمەتلىرىمىزنى ئىزدەيدۇ.

* * *

ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان كەم سۆز، جىمىغۇر ئادەمنى تەكەببۇر دېيەلمەيمىز.

* * *

كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەردىن يېڭىدىن - يېڭى ھېكمەتلەر پەيدا بولىدۇ.

* * *

جاھان، جاھان بولۇپ تالاي پەيغەمبەرلەر ئۆلدى، تالاي دانىشمەنلەرمۇ كەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا ياشىماقتا. مانا بۇ روھلار تەقۋادارلارنىڭ يول بەلگىسىدۇر.

* * *

تەڭرى ھەققىدە گەپ ئاڭلىغان كىشىلەر تەڭرىنى ئۇنتۇلۇپ قالمىدى، تەڭرى توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان ئادەملەر تەڭرىنى ئۇنتۇلۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

تۇرمۇشتا نەپسنى يىغالمىغانلارنىڭ كۆپى نەپسىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە تولا گەپ قىلىدىغانلار.

* * *

ئادەم بەزى چاغدا قۇش بولۇپ ئۇچۇپ باققۇسى كېلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قۇشتىنمۇ ياخشى ئۇچالايدىغانلىقىنى بىلمەي ياشايدۇ.

* * *

گېگانتلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىغىزىدىكى گەپلەر بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن نامايان قىلىدۇ.

* * *

شاتۇتىمۇ قۇشلارغا دەرس بېرەلەيدۇ، لېكىن قۇشلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

* * *

ئاياللار باللىرىنىلا ئەمەس، تۇرلۇك ھىيلىلەرنىمۇ تۇغۇپ تەربىيىلەيدۇ.

* * *

ھەقىقەت ئەلمىساقتىنلا بار ئىدى، ئۇ بۇيۈك روھنى داۋام قىلدۇرماقتا، ئۇنىڭ سەپىرى مەڭگۈ داۋاملاشسا كېرەك.

* * *

باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويۇش كېرەك، گەرچە ئۇ پاھىشە ياكى ئوغرى بولسىمۇ.

* * *

مەڭگۈ ئۆتنۈلۈپ قالمايدىغان پۈشايمان ۋە ئازاب ـ مەقسىتىگە يەتمەي نابۇت بولۇپ كېتىش.

* * *

نەسىھىتىڭ بەكلا كۆپ بولۇپ كەتسە، كىشىلەر سېنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ.

* * *

بالىلارنىڭ ساھىللاردىكى قۇم دانىچىلىرىدىن ياسىغان ئۆيلىرىنى كىم سەنئەت ئەمەس دېيەلەيدۇ.

* * *

چوڭقۇر بايقاش بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ.

* * *

تەڭرى يۇلتۇزلارنى ئاسمانغا بېزەك، ئىنسانلارنى زېمىنغا سەنئەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



* * *

ئىنسان ئۇلۇغلايدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ۋەتەن ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىشى كېرەك.

* * *

ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە شىپالىق بولىدىغان سۆزلەرنى ھېچ كىشى خار قىلالىغان ئەمەس.

* * *

بىز تەبىئەتتىن سەنئەتنى ياراتتۇق، سەنئەتتىن تەبىئەتنىڭ يۈكسەك ئۇلۇغلۇقىنى تونۇدۇق.

* * *

ئىنسان ئالىي ئىستەكلەرنى خىيال قىلغاندا، ئىرادە ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

* * *

نادان خەلق ئۆز ئەزىمەتلىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە مۇپتىلا بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قويمايدۇ.

* * *

سەنئەت — ئۆلگەن دۇنيانى تىرىلدۈرگۈچى كۈچ.

* * *

ئىنسان يوقاتقانلىرىنى سەنئەتتىن تاپتى.

* * *

غەپلەتلەرگە غەپلەت بىلەن جاۋاب بەر، ھەقىقەتلەرگە ھەقىقەت بىلەن جاۋاب بەر.

* * *

سېنى ئامبۇردەك قىسىۋاتقان نەرسە — بىخۇدلۇق ۋە نادانلىق.

* * *

غالىبلار ماكانىدا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز — يورۇقلۇق.

* * *

زېمىن شۇنداق دېدى: «ئايال - قىزلارنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟» مەن زېمىندا سۇكۇتتىن باشقىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

* * *

بىز كىشىلەرگە ئەۋلىيا بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلمايمىز. پەقەت ھەر ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇشى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىمىز.

* * *

ئۆلۈم ئاخىرقى تىراگېدىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*  *  *

تەمى يوق ناخشىمىزنى ئىمكانقەدەر ئېيتمىغىنىمىز ياخشى.

*  *  *

نەسىھەت ئادەم بىلەن تۇغۇلدى، شۇڭا ئادەملەر ئىچىدە ياشايدۇ.

*  *  *

بىز ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغۇتۇپ ھايات دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغىنىمىزدا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا، ھايات دېگىنىمىز ئۇيقۇ دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

*  *  *

كىشىلەر نىيىتى دۇرۇس ئادەمنىڭ نەسىھىتىدىن كۆكلەيدۇ.

*  *  *

بىز نېمىلەرنى تاشلاپ نېمىلەرگە بېرىلدۇق، بىز ئۆزىمىزنى تەكشۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇلۇپ كەتتۇق.

*  *  *

سەممىيلىك يوقالسا، كىشىلىك پەزىلەتتىن بىنا سالالمايمىز.

*   *   *

مېنىڭ قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىشىمدىن قەتئىينەزەر، مەقسىتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش.

*   *   *

تەبىئەت ئىزدەنگۈچىلەرگە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى دەپ بەردى.

*   *   *

قىزغىنلىقلا بولسا ۋاقىت دېگەن كۆپ.

*   *   *

بىز مېۋە ياكى كۆكتات بولۇپ قالمىساقلا، كىشىلەر بىزنى يەۋېتەلمەيدۇ.

*   *   *

كېگانتلارنىڭمۇ ئۆلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى تەكەببۇرلاشقان ۋاقتىدۇر.

*   *   *

سەن ھايات ھەققىدە سۆز قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سۆز قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

يوچۇن، ياپتا گەپلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. باللار ھەقىقىي گەپلەرنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

* * *

بايلىقنىڭ يامان تەرىپى بار، ئۇ ئىلىم ساھىبلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

* * *

ياخشى كىتاب — كىشىلىك ھايات يوللىرىنىڭ خەرىتىسى.

* * *

تەقۋادارلىق — ئەڭ ئالىي بەختنىڭ ئاچقۇچى، مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئۇلۇغ قەدىمى.

* * *

تارىخنىڭ ساختا، يالغان گەپ - سۆزلىرى بىلەن بىزەلگەن سەنئەت ساختا سەنئەت.

* * *

ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدۇ، ئۇلار گەرچە ھايۋان بولسىمۇ تەمە قىلمايدۇ.

* * *

گاھى ـ گاھىدا ئېرىشىپ تۇرغان بەخت تاتلىق بەختتۇر.

* * *

قورقۇمسىزلار ئۆزىگە ئىشىنىشكە ھوقۇقلۇق.

* * *

كىشىلەر ئالدىدا تىترەۋاتقان قول يا ئوغرىنىڭ قولى يا خىيانەتكارنىڭ قولى.

* * *

ھاراق باشتا قىزىتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ، ئاخىردا ئېزىقتۇرىدۇ.

* * *

بۈيۈكلۈك تېغىغا بىلىم گۈلزارىدىن چىقىپ، ھەقىقەت يوللىرىدا سەپەر قىلىپ، ئەخلاق قونالغۇسىدا قونۇپ، شىجائەت، باتۇرلۇق كەمىرىنى مەھكەم باغلىغاندا چىققىلى بولىدۇ.

* * *

ئىشتىياق باغلىغان ئىشتا نەتىجە بولماي قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

مەن تەبىئەتتىكى شاۋقۇنلار ئىچىدە بىر توپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.

* * *

بۈگۈننىڭ ئۆزىدە بىزگە كېرەكلىك بولۇۋاتقان ھەقىقەت بىزنى قۇللۇق كىشەنلىرىدىن قۇتقۇزىدىغان ھەقىقەتتۇر.

* * *

ماڭغان يولۇڭغا قاراپ كىشىلەر سېنى چۈشىنىدۇ.

* * *

مۇئەللىمنىڭ قەلبى دەريادەك ئۆركەشلەپ تۇرغاندا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن زوقلىنالايدۇ.

* * *

سېنى چاقىرىۋاتقان نەرسە — ئېتىقاد.
يۈكسەكلىك ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئەقىدىدىن باشلىنىدۇ.

* * *

ياخشى سۆزلەر قانات قېقىۋاتقان بىلەن، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن جەۋلان قىلدۇرۇلمىدى.

*　*　*

بىخۇدلۇق — ھاياتتىكى يوشۇرۇن خادا تاش.

*　*　*

مەھكۇملارنىڭ غەزەپلەنگەن ۋاقتى، ئۇلارنىڭ ئويغانغان ۋاقتى.

*　*　*

بىراۋنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرى راست بولمىسىمۇ سۈكۈت بىلەن ئاڭلايمىز، ئۇ ئاخىرى ئۆز قەلبىنى سەممىيلىك بىلەن ئاشكارىلايدۇ.

*　*　*

تاغوتلار دەھرىلارنىڭ تەڭرىسى، ئۇلار شۇ تەڭرىسى بۇيرۇغان يولدا ماڭىدۇ، بۇيرۇغان گۇناھلارنى ئۆتكۈزىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرمايدۇ.

*　*　*

ئۆلۈمنى ئويلاپ قويماسلىقمۇ، ئىنسانلىقنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتۇر.

*　*　*

يەر تالاي زەردارلارنى يەپ كەتتى، كۆرمىڭ ئىنسانلار ئۇنىڭ باغرىدىن ئورۇن ئالدى، بىراق ئۇ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بۈيۈكلۈكتە كۆركەم، ئىنسانلىقتا سەممىي ۋە ھېكمەتتە تىرەن يېتۈكلەرنى يەپ كېتەلمىدى.

* * *

دانىشمەنلەر ئۆز ئاياللىرىنى، ئۆز خەلقىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيدۇ.

* * *

مېنىڭ بارلىق ئازابلىرىمنىڭ مەنبەسى، مال ـ دۇنيارىمنىڭ خەزىنىسى بولۇپ قالدى.

* * *

كۆپىنچىمىز بىلمەيدىغانلار ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ ئاجايىپ بىلەرمەنلىكىمىزنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايمىز.

* * *

ئىنسان — كائىناتتىن ئېقىپ چۈشكەن بىر پارچە نۇر.

* * *

بىز بىلمەسلىكنى ئەيىب دېمىدۇق، ھەقىقىي ئەيىب بىلىپ تۇرۇپ نەپ بەرمەسلىكتە.

* * *

ھەقىقەت گەزەلدىن ئۇخلاپ باققان ئەمەس، پەقەت كىشىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇلغان.

* * *

زامان ۋە ماكاننىڭ ئوت ـ يالقۇنى ئىچىدە تاۋلانمىغان ئىدىيە يېڭى ئىدىيە ئەمەس.

* * *

تولا زارلانغان ئەلنى ئاجىزلارنىڭ قاتارىدا سانىماي بولمايدۇ.

* * *

شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقۇڭ كۆچلۈك بولسا، تەڭرى چەكلىگەن گۇناھلاردىن باش تارتالمايسەن.

* * *

ئۇخلاپ قالغان ھەقىقەت بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم يالغان ھەقىقەت.

* * *

بىزنىڭ قەلبىمىز دەرەخنىڭ سايىسى بولغاندا، بىز ئىنسانىيەتنىڭ بالىسى بولالايمىز.

* * *

مۇھەببەت ئېزىقىپ قالغاندا، بىز ئۇنى قارىغۇ بوپتۇ، دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ماكان ۋە زامان ئۆز قىلىچلىرى بىلەن يوقاتقان دانىشمەنلىرىنىڭ ئۆۋالىغا قالىدۇ.

* * *

قەيەردە رەزىللىك بولىدىكەن، شۇ يەردە ئازاب بولماي قالمايدۇ.

* * *

بىز تۇرمىدىكى مەھبۇسنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيمىز.

* * *

هايات بىزنى سۆزلەيدىغان ياكى جىمىغۇر قىلىپ قويىدۇ.

* * *

نادانلار ئۆز دەردىنىڭ مېۋىسىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمىدى، ئۇلارنىڭ يىگىلەپ قالغان قەلبى ئۇلارنىڭ دەردىدۇر.

* * *

بەلكى بىلەرمەنلىك قىلىشىنىڭ ئۆزى، كىشىگە يېتەرلىك ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

* * *

گۈزەللىك — ئۇنى چۈشەنگەن، ئۇنى سۆيگۈچىلەرنىڭ قەلبىدە بولىدۇ.

* * *

دۇنيانىڭ بۈيۈك سەلتەنەتلىرىدە بولسۇن ياكى ھالاكەت، گۇمراھلىرىدا بولسۇن، ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ قالغان ئەمەس.

* * *

بىز غەزەپلەنگەندە، دوستىمىزنىڭ نادان ياكى دانالىقىنى بىلەلەيمىز.

* * *

دۈشمەننىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەندىن ئەۋزەل.

* * *

بىز كۆلگۈنچەك بولۇپ قالغاندا، ئاددىي كىشىلەرمۇ بىزنى كەمسىتىدۇ.

* * *

قەلب دېمەكلىك يۈرەك دېمەكلىك، ئۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ ئىنژېنېرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

يەر يېرىلىپ، تاغلار ئۆرۈلۈپ، ئالەمنى سۇ بېسىپ كەتسىمۇ، پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمەسلىكىمىز ئېنىق. ئەمما، چېكىدىن ئاشقان تەپرىقچىلىق، ئىختىلاپ بىزنى تېزلا يوقىتىدۇ.

* * *

سېنىڭ ئەقلىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغاندا، سەن ئۆزۈڭنى خۇددى چۈشتەكلا ھېس قىلىسەن.

* * *

ئىلىم بېرەلمىسەڭمۇ، ياخشىلىق قىلىشنى بىل.

* * *

مېۋىسىز دەرەخنىڭ مېۋىسى — ئۇنىڭ سايىسى.

* * *

بىزنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز، باشقىلارغا تەسلىم بولغىنىمىز ئەمەس.

* * *

قىيامەت — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۈنى.

* * *

ئىرادىسىز كىشىلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانماق ھەقىقەتەن مۇشكۇل.

* * *

مەجبۇري سۈكۈتنىڭ ئىچىدە دەھشەتلىك سادا بار.

* * *

ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى قىسمەن يېپىپ قالالايدۇ.

* * *

كامالەتلىك ئادەملەرنىڭ قەلبى ئۆچۈپ قالغان ئەمەس.

* * *

يوشۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە — نادانلىق.

* * *

چۈشىنىش — يېقىنلىشىشتۇر.

* * *

ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز يىگىلەپ قالغاندا، بىز ئازغۇنلۇق باياۋانىغا سەپەر قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

بىز بالىلارغا سەممىي چاقچاقلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىزنىڭ يېغىرىمىزنى يۈزىمىزلارچە ئېچىپ تاشلايدۇ.

*   *   *

بىز ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمىزنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، دانىشمەنلەرنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇمايدۇ.

*   *   *

رەنجىگەن دىل، رەنجىتكەن تىلنى ئاسانلىقچە كەچۈرمەيدۇ.

*   *   *

ئەخمەق ئۆز قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن ۋايىم يەپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭدا شۇ خىل سۈپەت بار بولسا، بىز ئۇنى ھەرگىز ئەخمەق دەپ ئاتىمايمىز.

*   *   *

دۇنيادا پەقەت مەخپىي نەرسىلەرنىڭلا قىممىتى بولىدۇ.

*   *   *

ئاقىلنىڭ كۆزى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرىدۇ.

* * *

ئىپپەت قانچىكى پاك ھەم گۈزەل بولغانسېرى، ئۇنىڭ باھاسىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

* * *

مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئابرۇي ـ ئاتاقنى، خەلق ئۆزى بېرىدۇ.

* * *

قىلىچ پۇقرالىنىلا قورقۇتىدۇ.

* * *

ئاغرىتىلغان كۆڭۈل سۇنۇپ كەتكەن ئەينەكتۇر.

* * *

مۇئەللەقتىكى نۇرلۇق ئەترگۈل ئۇلۇغ زېمىنغا شۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ يىلتىزىم سېنىڭ قەلبىڭدە».

* * *

نەپسى ـ خاھىشىمىزنى يىغالىساقلا، بىزنى ھېچكىم ئالدىيالمايدۇ.

* * *

چاقىرىق ياكى ئاگاھلاندۇرۇش بولمىسا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرى مەڭگۈ تۇرغۇن ھالەتتە تۇرغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

*　*　*

بىزنىڭ تىلىمىز ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى تېتىشقا قادىر بولغان چاغدا ھەقىقەتنى تېتىيالايدۇ.

*　*　*

ساپالدەك كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتكەنلەرنى ياد ئېتىدىغان كىشى بولمىسا كېرەك.

*　*　*

بىز پايدىلىنىۋاتقان ھايات ئالتۇن ھاياتتۇر.

*　*　*

مەن ساداقەت ۋە مۇھەببىتىمنى يوشۇرغاندا دۇنيا ۋە دوستلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى.

*　*　*

يامان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا سۆيىدىغىنىمىز — قىزلار.

*　*　*

زالىملارنىڭ قامچىسى، زوراۋانلارنىڭ قىلىچى، فاشىستلارنىڭ قورالى، دۇنيادىكى ھەقىقەتلەرنى ۋە ھەقىقەتچىلەرنى بويسۇندۇرالىغان ئەمەس.

* * *

سەن مەڭگۈ سەن، سەن مەڭگۈ باشقا بىرسى بولۇپ قالمايسەن.

* * *

بەزىدە سەمىمىيلىكمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

* * *

بىز ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئادەملەرنى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالىمىز.

* * *

دۇنيا تام تۇتۇپ ۋە ھاسىغا تايىنىپ كېتىۋاتقان ئاق كۆڭۈللەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ.

* * *

ۋىجدان ھاياتتىن پايدىلىق قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ تۇرمىسا، ئۇ ۋىجدان بولمايدۇ.

* * *

مەن تۆمۈر قەپەسكە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى سولايدۇ، دەپ قارايتتىم. ئەمما بۇ قەپەسلەرگە ئادەملەرنىڭ بەند قىلىنغانلىقىنى ئەقلىمگە پەقەت سىغدۇرالمىدىم. ئاھ! ئىنسانلار سىلەر نېمىدېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

رەھىمسىز ـ ھە!

* * *

تۇپراق بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشۋاتقان ئادەمگە قاراپ چوڭقۇر ئازاب بىلەن شۇنداق دېدى: «تىرىكلىكىڭدە ئۆلىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغان بولغىيتىڭ، ئەپسۇس، ھەممە ئۆلىدۇ.»

* * *

بىر تال يوپۇرماقتىمۇ قۇياشنىڭ ئوتى بار، دۇنيا ئوت ئىچىدە تىرىلىپ بارىدۇ.

* * *

ۋەتەن ئۆزىنى ئۆز تۇپرىقىدا تۇرۇپ سۆيگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ۋەتەندىن ئايرىلىپ سۆيگەنلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

* * *

سېتىۋېتىلگەن قۇشنىڭ باللىرىنى قەپەستە باققىلى بولمايدۇ.

* * *

ھايات ھاياتتىن ياشىرىپ تۇرىدۇ، ھىدايەت پاكلىق بىلەن ياشىرىپ تۇرىدۇ.

* * *

بىز دۇشمەنگە قانچىكى يېلىنغان بىلەن ئۇنىڭ قانۇنى بىزنى

ئۆز خاھىشى بىلەن جازالاۋېرىدۇ.

* * *

ھەقىقىي گۈزەللىك خانىم ـ قىزلارنىڭ خولقىدا، ئۇنىڭ جەلپكار ئاۋازىدىن ھەممە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ.

* * *

باشقىلار تىلغا ئالغۇدەك ۋە ئەسلەشكە تېگىشلىك ئىشلىرىمىز بار بولغان تەقدىردىمۇ، بىز مەجبۇرىي سۈكۈت قىلىمىز.

* * *

ئۇنتۇلۇپ قالغان تىرىكلەر، ئۆلۈپ كەتكەن شېھىتلەردىن گۈزەل ئەمەس.

* * *

يۈگۈرۈپ يولنىڭ يېرىمىدا ھېرىپ قالغاندىن، مېڭىپ بولسىمۇ مەنزىلگە تېز رەك يەتكىنىمىز ئەۋزەل.

* * *

سەن بىراۋنى ياقتۇرمىساڭمۇ، ئۇنى ھەرگىز كەمسىتكۈدەك بولما، سەنمۇ بىر كۈنى شۇنداق ھاقارەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

بىز يېشىل ئاسماندا قانچە قانات قاققىنىمىز بىلەن يەنە چۈشىدىغان يېرىمىز يەر.

* * *

بىزنىڭ قەلبىمىز بارلىق ئاۋازلارنى ئۇنتۇغاندا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

* * *

بىز ئانىلارنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە قىزلارنىڭ غەيۇرىتىنى قىلىشنى توختىتىپ قويىمىز.

* * *

قورال ـ ياراغ بىلەن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلاردىن، ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلارنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپ.

* * *

غەلىبە مەن ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنىڭ مېۋىسى، دەرمىش.

* * *

ئايالالار ئەخلاقتا گويا تاۋار ئورنىدا مۇئامىلە قىلدى، خالىسا ساتتى، خالىسا كۆز ـ كۆز قىلدى.

* * *

دانىشمەن ئۆز تەنھالىقىنى يوشۇرالمىدى، ئۇنىڭ روھى زېمىندا پەرۋاز قىلدى.

* * *

بىز خۇدىمىزنى بىلمەي سېتىۋېتىۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدە گۆھەرگە تېگىشكۈسىز شۇنداق بىر ئۇلۇغ زۇننار بار: ئۇ — ئەخلاق.

* * *

توشقان جېنىدا زۇلۇمغا چىدىماي قارشىلىق قىلىدۇ.

* * *

ئەزىمەتلەر ئۆز ۋىجدانىنى خورلىمايدۇ.

* * *

مەن رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر تەرتىپ بار: ئۇ — قىزغىنلىق.

* * *

ھاياتىڭ زىيانغا ئۇچرىغاندا، ئۇنى ۋىجدانىڭنىڭ مەسئۇلى، دەپ بىلگىن.

www.uyghurkitap.com

* * *

بىز قاتتىق رەسۋا بولغاندا، يەنە قايتا رەسۋا بولماسلىققا تىرىشىمىز.

* * *

مېنىڭ ئاجىزلىقىم قىلغان ھەم قىلماقچى بولغان ئىشلارنى باشقىلارغا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

* * *

كىشىلەر ۋىجدان ھەم غۇرۇر جەھەتتىكى ئاجىزلىقلاردىن ئاسان پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

* * *

بىز ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغان سوۋغا قەلبلەرنى داۋاملىق تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

* * *

تىل ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ئېتىبارغا ئېرىشتى، قاتتىقلىقىدىن چەتكە قېقىلدى.

* * *

بىر مىللەت ئۇچۇن ئەخلاقتىن بۈيۈك يەنە بىر ھاۋا بولمىسا كېرەك.

* * *

بۈركۈتلەرنىڭ پەرۋازلىرى غالىبلارنى ئۆزىگە چاقىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلاردا ئۇلۇغ ئورتاقلىقلار بار.

* * *

بىز يالغانچىلىق باش كۆتۈرگەن يەردىن تېزرەك كېتىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

* * *

باشقىلاردىن ھېيىقىشنى بىلمەيدىغانلار ئەڭ ئىپلاس ئىشلاردىن قول ئۈزمەيدۇ.

* * *

ئىنسان مەخپىي بولمىغاچقىلا، ئۇنىڭدا سىر ساقلانمايدۇ.

* * *

تەڭرى ھەققىدىكى ھېكمەتلەر دۇنيانىڭ غەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

* * *

بىز باشقىلار تونۇشتۇرغان ئادەمنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

ئاق نەرسىلەر ئۆزىنى قارا نەرسىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالالىغان ئەمەس.

* * *

لاينىڭ ئاستىدىكى سازاڭ قۇرتمۇ ئۆۋسىنىڭ تولىمۇ ئىللىقلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. قۇشمۇ شۇ، هايۋانلارمۇ شۇنداق. هەممىدىن يامىنى ئۆۋسى بولماسلىق...

* * *

بىزنىڭ غەلىبىمىز بىرلا مەبۇدقا ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدۇ.

* * *

سەن رەقىبىڭنىڭ جىمىغۇر هالىتىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ جىمىغۇر ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالما.

* * *

پۇت - قولىمىزنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغىنى ۋىجدان ۋە ئەخلاق.

* * *

چاچنىڭ ئاقىرىپ كېتىشى قېرىپ كەتكەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

* * *

قەلبىڭنى ياخشى باشقۇرمىساڭ، ئۇ سېنى خار قىلىدۇ.

* * *

بەخت ـ تەلەي بىر تال ياپراقتۇر، ئۇ مىليون يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇنى ئۈزىگە ئىشەنگەن ئىـــرادە ئىگىلىرى ئاسان بايقىۋالالايدۇ.

* * *

سامان يەۋاتقان ئېشەك قوناق يەۋاتقان قويغا قاراپ: «مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قوناق يېسەم گۆشۇم ئەلۋەتتە تاتلىق بولاتتى» دېدى. قوي ئېشەككە قاراپ: سەن مەيلى قوناق يە ياكى بوغداي يېگىن، سېنىڭ گۆشۈڭ ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۇ تاتلىق بولمايدۇ» دېدى.

* * *

ياخشى ئىشلار كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى يوشۇردى، يامان ئىشلار چوقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ ئەتراپقا يېيىلدى.

* * *

ھايات — ئەڭ كاتتا زاۋۇت، ئۇ ياخشى باشقۇرۇلسا، ھاياتنى مەئىشەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

* * *

غالىبلار يولۋاسنىڭ قەھرىدىن، يىلاننىڭ زەھرىدىن قورقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

كەتكەن ئەمەس.

* * *

دۇنيا ھەقىقەت يولىدا ئۆلگەنلەرنى ئەڭ كۆپ ئەسلىدى، ئۇ يول ئۇلارنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ باردى.

* * *

تەۋەككۈلچىلەر قورقۇنچلۇق سەپەرگە ناھايىتى قىزىقىدۇ.

* * *

مەنىۋى ئاجىزلىقىمىز ئۇزاق داۋاملاشقاندا، مەۋجۇتلۇقىمىز ھەققىدە گەپ قىلىشتىن ئۇيۇلىمىز.

* * *

سىنىڭ خۇلقۇڭ سىنى ئادەم ياكى ھايۋان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

* * *

ئەقىللىقلەر ئىبرەتتىن ھوشىنى تاپىدۇ.

* * *

قىزلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز ساداقىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈنلا كۈتۈلمىگەن ئازابقا قالىدۇ.

*　　*　　*

سۆيگۈ شارابى بەك تېز ئېچىلىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىيالماي قالىمىز.

*　　*　　*

مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان قىز بىر بولسا سارالڭ بولىدۇ، بىر بولسا پەيلاسوپ.

*　　*　　*

بىز گۈزەل سۆزلەرنى ئەمەس، گۈزەل قەلبنى ياخشى كۆرىمىز.

*　　*　　*

شېئىر ئادەمنى يازغاندا ئۇنىڭدا جان بولىدۇ، تەبىئەتنى يازغاندا ئۇنىڭدا روھ بولىدۇ.

*　　*　　*

بىز بالىلىق چاغلىرىمىزنى ئەسلەپ تۇرغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدىكى بالىلارغا يۈكسەك مۇھەببەت بېرىمىز.

*　　*　　*

ئۇزاق زامان خورلۇقتا ياشىغان خەلق پەيلاسوپلارچە پىكىر قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

بىز قىيامەتنى ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن ئايرىپ قارىمايمىز.

*　*　*

پادىچى بولغۇچى ھەرگىزمۇ پادىلىرىغا ئەگەشمەيدۇ، پەقەت پادىلىرىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ.

*　*　*

قۇرۇق سۆزلەر بىزنى ئالدىيالمىغاندا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىدە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكىمىزنى چۈشەنسەك بولىدۇ.

*　*　*

ئاچ كۆزلۈكمۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى، بىز بۇ ئىللەتنى تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن ئەمەس، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يېپىپ پەردازلايمىز.

*　*　*

بايلىق بىر كوزا ئېچىتىلغان مەيدۇر، بىز ئىچكەنسېرى ئۇ بىزنى شۇنچە بىخۇدلاشتۇرىدۇ.

*　*　*

كۆڭۈلسىز ئائىلە ئۆز تەقدىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىغان ئەمەس.

# نىلۇپەر گۈلى

مۇھەببەتتىن مەغلۇپ بولغانلار، باشقىلارغا ئۆز قىسمەتلىرىنى پەردازلىماي سۆزلەپ بېرىدۇ.

* * *

سەن تەقۋا، ئىپپەتلىك ئايالغا گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىمان ۋە ئېتىقادتا بىر ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.

* * *

يۈرىكىمىزدە تالاي ئەسىرلەرنىڭ قانلىق تارتۇقلىرى قالغاچقىلا، بىز ئۈمىد ئىچىدە ياشايمىز.

* * *

كامالەت ئىگىلىرى تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا، كۆپ كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

* * *

ئېتىقاد، ئىمان، گۈزەللىك ھەققىدە گەپ قىلغىنىمىز، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

بىز بايلىقنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا، مەجرۇھ ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز.

* * *

بىز روھىي جەھەتتە نامرات بولغاندا، قۇللۇق بىزگە مەھكەم يېپىشىۋالىدۇ.

* * *

سېنىڭ خۇشخۇي قەلبىڭ نەگىلا بارساڭ، سېنى دۇنيانىڭ ئەزىزلىرىدىن قىلىدۇ.

* * *

ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەخلاققا موھتاج.

* * *

قىلمىشىڭ قەبىھ بولسا، ھاياتىڭ پاجىئەلىك بولىدۇ.

* * *

سىلە رەھىم — تەڭرى ياقتۇرىدىغان ئەڭ ئالىي پەزىلەت.

* * *

سۆيگۈ بار بولغاچقا، ئارمانمۇ بار بولىدۇ.

* * *

ياخشى خىزمەتلەر ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن يەردىن گۇمان قىلىشقا بولىدۇ.

* * *

مېڭىۋاتىمىز، غەپلەت باسقان بۇ يوللاردا نەچچە ئەسىر ئۆتكەندەك قىلدى، دەرەخلەرمۇ توپىغا ئايلىنىپ كەتتى، قۇرت يەنە قۇرت پېتى تۇرىۋەردى، ئۇ يەر بېغىرلاپ يۈرۈۋەردى.

* * *

دۇنيا مەككارلارنى مەككارلارنىڭ قامچىسى بىلەن ساۋايدۇ.

* * *

بىز تۈن نىسپىدە ئويغانغاندا، چۈش ھەققىدە خىيال قىلىمىز. سەھەردە ئويغانغاندا، تۈرمۈش ھەققىدە خىيال قىلىمىز.

* * *

ئىنسان ئۆز ۋەدىسى بىلەن ياشىرىپ ئايىنىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئارزۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ھەقىقەت — چىشى ياكى ئەركەك بولمايدۇ. شۇنداق ئاتىۋالغان يەرلەردە ھەقىقەت بولمايدۇ.

* * *

ئەقىدە ئۆمۈر راۋاجىنىڭ يىقىلغۇسى، ئۇ ساختا قىلىنسا، پەردازلانسا ياكى ئۇجۇقتۇرۇلسا، ھاياتتىن گەپ ئاچالمايمىز.

* * *

مەكتەپ ياكى مەسچىت كىشىلەر نەزەرىدىن قالغاندا، قىيامەتنىڭ كۈچلۈك بورانلىرى زېمىننى يالماپ يۇتىدۇ.

* * *

ئۇيقۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ناخشىسى — ئۆلۈم، بىخۇدلار ئەڭ كۆپ ئۇخلايدۇ.

* * *

ئانا نومۇسلۇق بولسا، قىزى ئېزىپ كەتمەيدۇ.

* * *

قۇش قەپەسنىڭ ئالتۇندىن ياسالغانلىقىدىن خورسەن بولۇپ كەتمەيدۇ.

*   *   *

ئىنسان سەنئەت ئىجاد قىلىدۇ. ئۇ ياراتقان سەنئەتنى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

*   *   *

ئېزىپ قالغان ئايالنى كەچۈرمەسلىكنىڭ ئۆزى ياخشى ئەخلاق ئەمەس.

*   *   *

يۇمران ئوت ـ چۆپلەر چۇمۇلە ۋە باشقا ھاشاراتلارنىڭ ھەددىنى يۇراپ ھۇزۇرلاندى، يېشىل دەرەخ شاخلىرى قۇشلار قالدۇرغان ھەدلاردىن سۆيۈندى، ئايالنىڭ نازۇك جىسمى ئەرنىڭ كۈچلۈك ھەددىدىن گۈزەل ناخشا ئېيتىۋەتتى.

*   *   *

ھايات ۋە تۇرمۇش ئاپەتسىز بولغان ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا قىلىمىز ھەۋەس.

*   *   *

يېڭى كۈنلەر چىرايلىق تەبەسسۇم قىلىدۇ، بۇنى پەقەت ئاقىللار بىلىدۇ.

*   *   *

قىزلارنىڭ ئېچىلىپ، ھىجىيىپ تۇرغىنى ئۇنىڭ خۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى



پېئىل، ئاق كۆڭۈللۈكى ئەمەس.

* * *

ۋاپا — نامەرد، ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەرنى تېزلا تاشلاپ كېتىدۇ.

* * *

تەختى گۇمران بولمىغان ئەلنىڭ بەختىمۇ گۇمران بولمايدۇ.

* * *

بىز تەكەببۇرلاشقاندا، ئىختىلاپلاشقاندا، ئۆز زاۋالىمىزنى چاقىرىپ هارمايمىز.

* * *

هەق سۆزلەرنى سۆزلەپ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن كېسىلگەن تىلنى كىشىلەر يادىدىن چىقارغان ئەمەس.

* * *

ساداقەت ئۈنىڭ قەلبىدىن يوقالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇ تېز ئۇنتۇلدى.

* * *

بىز ياخشى ئويلانغاندا، مۇهاكىمە قىلغاندا، هاياتلىق يولىمىزدىكى مەغلۇبىيەتلەرمۇ كۆپ بولمايدۇ.

* * *

مەن تونۇپ يەتكەن قىز مېنىڭ، يەنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمى. مەن شۇنداق بولغاچقىلا ئۇنى ئۆزۈمگە تاللاپ ئالدىم.

* * *

دۇنيا پۇل - مال قايغۇسى ياكى باشقا ۋەسۋەسىلەر ئىچىدە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلارنى تېز يوقىتىدۇ.

* * *

دەريا — قۇتراۋاتقان ئايال، ئايال — قۇتراۋاتقان دەريا.

* * *

ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلار، بىراۋغا بويسۇنمايدۇ، دېيەلمەيمىز.

* * *

ۋەھشىلىك پايدا هارام تىجارەتتىن كېلىدۇ.

* * *

ھېكمەتلىك سۆز روھنى تەربىيىلەيدۇ.

* * *

تەڭرى رازىلىقى ئۈچۈن چوڭ خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۈكسەك دەرىجىدىكى پىداكارلىقتۇر.

*  *  *

گېگانتلارنىڭ تامچە ـ تامچە ئاققان قېنى دۇنيانىڭ يوللىرىغا ئاجايىپ كۆركەم ئىزلارنى قالدۇردى.

*  *  *

ئۇيقۇسى كۆپ ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى پەقەت ئۇيقۇدۇر.

*  *  *

بىز بالىمىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا دالالەت قىلغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلمىغانلىقىمىزنى بالىلارغا ئاشكارىلاپ قويمايلى.

*  *  *

ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەڭ يۈكسەك مۇقامىنى شېھىتلەر ياراتتى، بىز بىلەن ۋاقىتلىق خوشلاشقان ئالىملارمۇ شېھىتلەرنىڭ جۈملىسىدىن، ئەلۋەتتە.

*  *  *

ھەقىقەتنى گەرچە ئاكتىپ قوللىساقمۇ، كۆپلىرىمىز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالىمىز.

*  *  *

ھاياتلىقنىڭ بىر ياخشى دەسمايىسى بار: ئۇ — ئەخلاق. ئۇ يوقالسا، ھاياتلىقتىن مەنە يوقىلىدۇ.

*  *  *

دېھقان كائىناتنىڭ ئالتۇن چىرىغىنى تۇگىمەس يېقىلغۇ، دەپ سۆيىدى. ئۇ بۇغداي باشاقلىرىنى قۇياشنىڭ قەلبى، مېۋىسى، دېدى.

*  *  *

ئۇلۇغ شائىرنىڭ پاكىز قەلبى دەۋر ھەقىقەتلىرىنى توختىماي سۆزلەيدۇ.

*  *  *

بىمەنە خىياللار گۇناھلارنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

*  *  *

ھاياتنىڭ ئۆزى سىر، بۇ سىر ھەققىدە ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، ئويلىنىش، تىرىشىش ئارقىلىق بۇ سىرنى يېشىش تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان ئەمرى. ئەپسۇس، نۇرغۇن كىشىلەر تەڭرىنىڭ بۇ مۇقەددەس ئەمرىگە ئەمەل قىلمايدۇ.

*  *  *

ھىدايەت دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرغان ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈمشاق، قەلبى پاكىز، نىيىتى دۇرۇس كىشىلەردۇر. تەڭرى ھىدايەت ئىگىلىرى بىلەن داۋاملىق بىللىدۇر.

* * *

لاۋرىنىس: «نىكاھ بۈگۈنكى دۇنيادىكى چوڭ بىر سىر» دەيدۇ، بۇ ھېكمەتنىڭ ئاساسى بار. ئۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ سىر بولۇپ كېلىشى ۋە مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىشى، بىزنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ. قىزىقىش پەقەت سىرلىق نەرسىلەرگە بولىدۇ.

* * *

تەڭرىنىڭ نۇرىنى چۈشەنگەن ئادەمدە پاك ئەقىدە، ساپ ئېتىقاد، ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدۇ.

* * *

تارىخچىلار ئەجدادلارنىڭ جەڭ ـ ئۇرۇشلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىنى مۇنداق دەپ يەكۈنلىدى: «ئۇلاردا بۆيۈك ئىتتىپاقلىق بولمىغان».

* * *

ئەتراپىمىزدىكى خېلى ياخشى كىشىلەرمۇ تىلىنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن يامان ئاتىلىپ قالىدۇ.

* * *

شائىر خىلۋەتلەرنىڭ پاراغىتىنى يازدى، ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۇ يەرنى تۇنجى ئىزدەپ تاپتى.

* * *

دەرۋىشلەر، زاھىتلار، شائىرلار. . . ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى يالغۇزلۇقتىن ئىزدەپ كەلدى. ئەمما ھاياتنىڭ ھۇزۇرى يالغۇز ياشاشتا ئەمەس.

* * *

مەستلەر ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، ئۇنىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ.

* * *

دىن پادىشاھلىقتەك زوراۋان ۋە ئادالەتسىز ئەمەس.

* * *

سەن ئۆزۈڭ خالاپ يېمىگەن ھەرقانداق تاماق ساڭا زەھەر بولىدۇ.

* * *

ئادىللىق — ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر خىل سۈپىتى.

* * *

بىز ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغاندا تەڭرىنى ياد ئەتتۇق. ساقىيىۋىدۇق، ئۇنى شۇنچە تېز ئۇنتۇدۇق. ئىنسان نېمىدېگەن ئىككى يۈزلىمچى ـ ھە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

* * *

ئاچچىقنى يۇتۇپ سەۋر قىلىش، ئاللاغا زىكرى ئېيتىش گۇناھىنى تونۇش. . . مۆمىنلەر تاللىغان ھەقىقىي داغدام يولدۇر.

* * *

پەيلاسوپ دۇنيانى ئىرادە بىلەن چۈشەندى، شائىر دۇنيانى كۆز ياشلىرى بىلەن تونۇدى.

* * *

دۇنيا ھامان بىركۈنى يالغان تارىخ يازغانلارنى شەرمەندە قىلماي قالمايدۇ.

* * *

بالىلار، ئەسىرلەر، قەبرىلەر. . . باشقىلارنىڭ خەير ـ ئېھسانى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىگە تەشنادۇر.

* * *

بىز باشقىلارغا نەسىھەت قىلغاندا، نەسىھەتنىڭ ئاچچىقلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۇرۇپ قويۇش كېرەك.

* * *

ئادەملەر تۇرلۇك ئازاب ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەردىن قۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇنى ئۆز تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقىدىن كۆردى.

*   *   *

شۇملۇق يامان غەرەزدىن تۇغۇلىدۇ، ئۇ دۇنيادا تەنها بولىدۇ.

*   *   *

زالىم ئۇخلاپ قالغاندىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئۇخلاپ قالمايدۇ.

*   *   *

تەڭرى ئۆز بەندىسىنىڭ يەنە بىر بەندىسىگە تىز پۈكۈپ سەجدە قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

*   *   *

كۆڭۈل سۇ ئىچمىــــگەن مۇھەببەت قۇرۇپ قالغان بۇلاققا ئوخشايدۇ.

*   *   *

سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان نەرسە — ئىشقى مۇھەببەت، مېنى ئۇخلاتمايۋاتقان نەرسە — ئىلىم - مەرىپەت.

*   *   *

مەن تەبىئەتتىن بىر دەستە نۇرغا مۇيەسسەر بولدۇم، ئۇ تەڭرى ھېكمەتلىرى.

*   *   *

مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ناخشىسى — بالىلار، بۇ ناخشا

بۈگۈننىڭ داۋانلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتىدۇ، ئەتىنىڭ چوققىلىرىغا ئۇچۇپ چىقىدۇ، كەلگۈسىنىڭ ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىدۇ.

* * *

ھەقىقەتنىڭ بۈيۈك ناخشىلىرىدىن قۇلىقىڭنى يوپۇرۇۋالساڭ، دۇنيانىڭ ئىزگۈ چاقىرىقىنى ئاڭلىيالمايسەن، غەپلەت ئەنە شۇ بىخۇدلۇقتىن تۇغۇلىدۇ.

* * *

ئائىلىدە بەخت بولمىسا زۇلمەت باش كۆتۈرىدۇ، ئەرنىڭ قەلبى قان يىغلايدۇ، ئايالنىڭ يۈرىكى زەرداب تۆكىدۇ. بالىنىڭ نالىسى كۆكنى يارىدۇ.

* * *

دۇنيانىڭ قاراڭغۇ تەرىپى — دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەت ئامبىرى.

* * *

مەن — يىغلاۋاتقان يەر، مەن — يىغلاۋاتقان ئاسمان.

* * *

ياخشى سۆزلەر خەزىنىسى — ھاياتلىقنىڭ سەرمايىسى.

* * *

نەسىھەت قىلغۇچىلار كۆپەيگەنسېرى، بىكار تەلەپلەر ئېشىپ

باردى.

*   *   *

پەزىلەتسىزلىك، ۋەدىسىزلىك، بىۋاپالىق، ساتقۇنلۇق...
بۇلار خارلىقنىڭ يولىنى داغدام ئېچىپ كەلگەن چاكىنا ئەخلاقتۇر.

*   *   *

بىز قولىمىزدىكى ئەترگۈلىمىزنى بىر قىزغا ئەمەس،
مېھرىبان ئانىمىزغا بېرەلىگەندە، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز يۈكسەك
پەللىگە يەتكەن بولىدۇ.

*   *   *

مۆمىنلەر ياخشىلىقنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويمايدۇ.

*   *   *

پىشىپ يېتىلمىگەن ھەقىقەتلەر سەتەڭلەرنىڭ كۆلكىلىرىگە
ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدۇ.

*   *   *

ھوشيارلىق ئەقىلنى سەگەكلەشتۈرىدۇ.

*   *   *

مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر قۇدرەت ئىگىلىرىنى
قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

ئۇ قولدىكى بايلىقنى ساقلاپ قالالمىدى، چۈنكى ئۇ گۇناھ ـ زالالەت يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلغانىدى.

* * *

بىز ھاياتتىن كۆڭلىمىز قالغاندا، زەھەر بىزگە شېرىن مەي بولۇپ بېرىدۇ. بىز ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا، ئۇنى باغاشلاپ سۆيىمىز. بۇ تەبىئىيتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

* * *

«گۈلگە گۈل بول، تىكەنگە تىكەن». بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھېكمەتلىك سۆز.

* * *

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى قان ـ ياش بىلەن تۇشقۇزۇلغان قەدەھتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

تىل بىلەن دىل ۋە ھەرىكەت بىر يەرگە كەلگەندە، ئەڭ گۈزەل يېتۈك ئىدىيە ئاپىرىدە بولىدۇ.

* * *

ھاياتنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى بىلىشمۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت.

*   *   *

توختىماي داۋاملىشىۋاتقان گۇناھ، مەڭگۇ داۋاملىشىدىغان ئازابتۇر.

*   *   *

بىز ئۆز ئانىلىرىمىزنى يامان دېمەيمىز، ئەمما يامان ئانىلارمۇ يوق ئەمەس. بىز ئۆز ئاتىلىرىمىزنى يامان دېمەيمىز، ئەمما يامان ئاتىلارمۇ يوق ئەمەس.

*   *   *

سۆيگۈ قىزغىنلىقى بىلەن پۇل قىزغىنلىقى ئىنساننىڭ ھەقىقىي تەبىئىيتى.

*   *   *

مەھكۇملۇقتا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەرمۇ كۆڭۈللۈك بولمايدۇ.

*   *   *

بىزنىڭ ئەقىل يولىمىز بىزنى جەننەتكە، ياكى دوزاخقا باشلاپ ماڭىدۇ.

*   *   *

ئۇيقۇدىكى ئادەم دۇنيا ئىشلىرىدىن بىخەۋەر قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*　*　*

تارىخ ھەرقانداق ۋەقە ياكى بىرەر شەيئىگە قارىغاندا، ئاياللارنى توغرا، ئادىل يازالىدى.

*　*　*

ئەگرى كۆڭۈللۈك سېنى ئەگرىلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

*　*　*

پىتنە ـ پاسات بولغانچىقا، ھوشيارلىق بار.

*　*　*

بىز كېسەل بولغاندا، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى كۆپ نەرسىلەرنىڭ بىز ئۈچۈن غەنىيمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

*　*　*

بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇلۇغ خەلقنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.

*　*　*

قۇياشتا مىسلىسىز مۇھەببەت بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇلۇغ ئەربابلار بۇنىڭ مىسالى.

* * *

بىز بىر ئۇياتسىز ۋە نومۇسسىز دانىشمەننىــــى كۆرگەندە، كۆزىمىزگە ھەممە دانىشمەنلەر شۇنداق نومۇسسىز، ئۇياتســـــز كۆرۈنۈپ كېتىدۇ.

* * *

تەسلىمچىلەرنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى، ئۇلارنىڭ ساداسى ئەمەس، ھەقىقىي سادا بۇيۈك ئەزىمەتلەرنىڭ قەلبىدىن چىقىدۇ.

* * *

ئۆز ئۈيۈگىنى ئۆزۈڭ سۈپۈرگىن، بىراۋ سېنىڭ ئۈيۈگىنى تازىلاپ قويالمايدۇ.

* * *

ھەر كىشى ئۆزى قويغان دەرەختىن پەخىرلىنىشى كېرەك.

* * *

پۇل يۈكسەك ئىمتىيازغا ئىگە نەرسە، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا دۆلەتنىڭ، ھاياتنىڭ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كۈچــى بولۇپ كەلدى.

* * *

يامان ئىشلار ياخشىلىقلارنى داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



* * *

ئادەم كۆچسىز بولسا سۆزلىيەلمەيدۇ.

* * *

مۇھەببەت خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا تېخىمۇ ھوشيارلاشتى.

* * *

نۇر ئاسمىنىڭ سۈزۈك بولمىسا، قەلبىڭدىكى قۇياشنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن.

* * *

تۇنجى مۇھەببەت باھاردا ئېچىلغان تۇنجى گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇ باشتا مەپتۇنكار بولىدۇ، ئاندىن تېز ئۇنتۇلىدۇ، كېيىن ئەسلىتىدۇ.

* * *

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق چەكسىز يوللارنى بېسىپ ئۆتكىنىمىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئۇتۇقىمىز.

* * *

ئىرادە — زېمىندىكى بارلىق ئېتىك يوللارنىڭ قولۇپىنى ئېچىۋېتەلەيدۇ.

* * *

سۆيگۈ — قەبرى ـ ياشنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.

* * *

ئەرلەر تەكەببۇرلاشقاندا، چېچىنىڭ ئاستىدىكى نەرسىنىڭ باش ياكى تاش ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ.

* * *

بىزنىڭ جاننى خەتەرگە تاپشۇرغان ۋاقتىمىز، ئويۇن ـ تاماشاغا بېشىمىز بىلەن كىرىپ كەتكەن ۋاقتىمىز.

* * *

سەن مۇزلاۋاتقان روھ، سەن قۇرۇۋاتقان تەن... بىز بۇ چەكسىز يوللاردا سېنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

* * *

نومۇس بولۇپ ئەقىل بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەتتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

* * *

ساراڭ بولمىساڭلا، ھەقىقەت بىر كۈنلىرى ئۆزىنى ساڭا ئىشەندۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

* * *

چۇقانسىز ياكى دولقۇنسىز دەريانى كىشىلەر ئېرىق ـ ئۆستەڭ دەپ ئاتايدۇ.

* * *

بىز ئازغان چاغلىرىمىزدا، ياخشى كۆڭلىرىمىزنىڭ قەدرى ـ قىممىتىگە يېتىمىز، ئەپسۇس، ئۇ چاغدا بىز بەكمۇ كېچىككەن بولىمىز.

* * *

ئەقىدە بولسىلا، دۇنيانىڭ مەرھەمىتى بار.

* * *

ئاتقان ئوقنى كىم قايتۇرۇپ كېلەلىگەن، تۆكۈرگەن تۆكۈرۈكنى كىم ئېغىزىغا ئالالىغان! پۇشايماندا قالماسلىقنىڭ يولى — تەجرىبىلەرنى ياخشى يەكۈنلەش.

* * *

ھاياتنىڭ ئىسسىقى قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدا، دۇنيانىڭ شادلىقى جەننەتنىڭ يولىدا.

* * *

مۇھەببەت سوۋۇغاندا ئۇ ئەڭ يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

*　*　*

پۇت ـ قولىمىزنىڭ ماغدۇرى كەتكەن چاغ — ئۈمىد شامىنىڭ ھاياتىمىز سارىيىدا ئۆچكەن چېغى.

*　*　*

ئېشەك ناخشا ئېيتقاندا دۇنيا تەشۋىشلىنىدۇ، بۇلبۇل ناخشا ئېيتقاندا دۇنيا خۇشاللىقتا چۆمىدۇ.

*　*　*

بىز تىنچ بولساقلا، بىراۋنىڭ تېخىمۇ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايمىز.

*　*　*

قۇياش بىتچىت قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت، ئۇ دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىك يېقىلغۇسى.

*　*　*

ئۇلۇغ ئەزىمەتلەرنى نەپس ـ شەيتان مەغلۇپ قىلىپ قويىدۇ.

*　*　*

مۇھەببەت يارىسىغا ھاكىملارنىڭ دورىسى شىپا بەرگەن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

سىنىڭ بىر كۆزۈڭ ھەقىقەتنى غۇۋا كۆرگەندە، يەنە بىر كۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ قارا، ئۇ چاغدا ھەقىقەت روشەن كۆرۈنىدۇ.

* * *

تەڭرى جەڭچىلىرىنىڭ ئومۇرتقىسى قاتتىق، روھى سۇنماس كېلىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمگە بويسۇنىدۇ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدۇ.

* * *

ھايۋان ئۆزىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىدىن ئەپسۇسلانمايدۇ، بىراق، ئادەملەرنىڭ يالىڭاچ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنىدۇ.

* * *

مېنىڭ دۈشمەنلىرىم چاقىرمىغان مېھمانلاردۇر.

* * *

ياخشى قىمارۋاز بولغان ئەمەس، ياخشى قىمارۋاز بار دېيىلسە، ئۇ قىمارىدىن قول ئۈزگەنلەر.

* * *

قوپال، ئاچچىق تىل بالىلارنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

* * *

خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ پاكلىقى بىلەن غۇرۇرلىنىش ھەقىقىي غۇرۇرلىنىشتۇر.

* * *

ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيانى تەرك ئەتكەن ۋاقتى ئەقلىنى تېپىۋالغان ۋاقتىدۇر.

* * *

ئاسرالغان، سۆيۈلگەن قىز ۋە ئانىلارنىڭ ۋۇجۇد سارىيى ئەخلاق ۋە ئېتىقاد جەۋھەرلىرى بىلەن بېزەلگەن، ئۇلار بۈگۈننىڭ جەلپكار ئاۋازى، بەخت ـ سائادەتنىڭ بۇلىقى، كەلگۈسىنىڭ يالقۇنلۇق يۈرىكى. ئۇلار شۇنداق بىر ئىسسىق دۇنيانى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

* * *

قەبرىستانلىقتىكى جىمجىت ئاۋاز — ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئاۋازى.

* * *

شەيتان ئاجىزلارنىڭ دوستى، ئاجىز كىشىلەر ئاسان قىلتاققا دەسسەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

قورقۇمسىزلارنىڭ رېئاللىق ھەققىدە سۆزلەشكە ھەققى بار، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈنلا توختىماي سۆزلەپ كەلمەكتە.

* * *

ئەرلىك — دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يېقىلغۇسى.

* * *

كۆپ ئاياللار ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيدۇ، ئۇنداقلار ئۆزىنىڭ قىلمىۋاتقان يامان ئىشىنىمۇ توغرا، دەپ قارايدۇ.

* * *

ھاياتتا ئىشىنىش كېرەك، ئازابقىمۇ ئىشىنىش كېرەك، ئازاب بولمىسا، ھايات بولمايدۇ، ھايات ئازاب بىلەن ھاياتتۇر.

* * *

ئاياللار كېرەك قىلمىغان ئەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئەردۇر.

* * *

سەن دوستۇڭدىن مۇھەببەت تىلە، رىزق - نېسۋە تىلىمە.

* * *

ئېتىقاد ۋە مەيدانىمىز باشقا - باشقا بولغاچقا، نۇرغۇن

كىشىلەر بىزنى چۈشەنمەيدۇ.

* * *

دەريا گېگانت ئادەمدۇر، ئورمان ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى.

* * *

ئۇيقۇ ئۆچەككە كىرگەن ھايۋانلارنى ئەسلىتىدۇ.

* * *

مەن ئېقىپ كېتىۋاتقان دەريا قان دەرياسى، ئۇ دەھشەتلىك ئېقىن مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادىمنى ھەرگىز ئۇخلىتىپ قويالمايدۇ.

* * *

سېنى سۆيىمەندى شامالمۇ، سېنى سۆيمەندى سۇمۇ، ھەتتا يامغۇرمۇ، سېنى سۆيىمەندى ئاپئاق قارمۇ. . . ئاھ سېنى سۆيمەكتە دەھشەتلىك بىر ئوت.

* * *

ئۆز ھايات ھارۋىمىزنىڭ قانداق ھەرىكەتتە، قايسى يۆنىلىشتە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بىلىپ يەتكەندە، بىز ھاياتنى يۈكسەكلىككە مۇيەسسەر قىلالايمىز.

* * *

سىزگە ھېچ كىشى قىزىقمىسا، سىز ئۆزىڭىزنى يارىماس دەۋېرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

مېنىڭ زىيادە خۇشاللىقلىرىم ئىچىگە مىسلىسىز ئازابلار يوشۇرۇنغان.

* * *

سۆيۈلمىگەن هايات خەۋپلىكتۇر.

* * *

سەن چوڭ بولۇۋېلىپلا تاشلىۋەتكەن بۆشۈك بۈگۈن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ سەگەكلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن يوقىتىش.

* * *

ھۆرلۈك كۆرمىگەنكەنسەن، بۇنى بىخۇدلۇق ۋە ئاجىزلىقىڭدىن كۆرگىن. شۇنى ھېس قىلغىنكى، تەڭرى ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەت، كۈچ ـ قۇدرەت بېرىدۇ.

* * *

قائىدە ـ يوسۇن ئاسان يۆتكىگىلى بولمايدىغان تاغ، يوقاتقىلى بولمايدىغان ئىز.

* * *

ئات ئەزەلدىن ئېشەكنى قېرىندىشىم، دەپ باققان ئەمەس،

بىراق ئېشەك ئاتنى ئۆز ئاكىسى، دەپ بىلىدۇ.

* * *

ھەقىقەتكە يېقىنلاشقانسېرى ۋە ئۇنى چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت كۈچىيىپ بارىدۇ.

* * *

دانىشمەنلەر ئىزاھلاپ بولالمىغان بۇگۈن مەۋھۇم ئەتىدۇر.

* * *

بىر قېتىم دېيىلگەن گەپ ئىككى قېتىم دېيىلگەندە، ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىسى بولمايدۇ.

* * *

سەن ئىزدەپ يۈرگەن جەننەت ھەقىقەتتۇر.

* * *

بىقۇۋۇل ئەرنىڭ تىزگىن چۇلۋۇرى ئايالنىڭ قولىدا، ئۇ دۇنيادىن مىسكىنلەرچە ئۆتۈپ كەتكەن ۋىجدانسىز ئەردۇر.

* * *

چايان چېقىپ بولغاندا مۇلايىم بولۇۋالىدۇ.

* * *

زۇلۇمنىڭ تەمىمۇ، ھىدىمۇ، شەكلىمۇ بار، بىز تېخى بۇنى، ھەقىقىي رەۋىشتە ھېس قىلىپ يەتمىدۇق.

* * *

ياخشىلىق قىلمىغۇچە، ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

* * *

پاكلىق — بۈيۈكلۈكتۇر. پاكلىقنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بالىلار دەپ بېرىدۇ.

* * *

ھېچكىم قىزىقمىسا، دېمەك، ئۇ مېۋىسىز دەرەخ، سۇسىز دەريا.

* * *

بىزنىڭ ئۆلۈكلۈكىمىزنى قىلىۋاتقان ئۆلۈك ئىشلىرىمىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

* * *

تىرىكلىكتىكى غەپلەت ئۆلۈمدىن يامان.

* * *

قىياس قىلالماسلىق، بەرباتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

تەۋەككۈلچىلەر بىلىق تۇتالمىسىمۇ ئۆرۈنۈپ كۆرىدۇ.

* * *

خاراموشلۇق — بىخۇدلۇقنىڭ سەپەردىشى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ پەرق يوق.

* * *

بىز گۇناھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ ئوتى بىزنى شۇ قەدەر كۆيدۈرىدۇ.

* * *

بىز سەپەر قىلغاندا، ۋۇجۇدىمىزنىڭ پىنھان سىرلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

* * *

ۋاقىت — تارىخنى سۆرەپ يۈرگەن هارۋا.

* * *

كەم ـ كۈتىسىز دانىشمەنمۇ، كەم ـ كۈتىسىز ساھىبجامالمۇ بولغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



*   *   *

قىبلىنامىسى، مەنتىقىسى بولمىغان ھاياتنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس.

*   *   *

ئادەمنىڭ ھەقىقىي كۆزى قەلبىدە.

*   *   *

مۇھەببەتنىڭ تەمى بىز ئۇنى بارلىقىمىز بىلەن سۆيگەندە، ئۇ يوشۇرۇن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

*   *   *

ئۆز ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم، ئۆز ھاياتى ھەققىدە قاتتىق ئويلانغان ئادەمدۇر.

*   *   *

ئالىملار ياكى سىياسىيونلار ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەنگە ئىشەنمەيمەن. ھەممىنى ھەل قىلىدىغىنى — بىرلىككە كەلگەن ساپ ئىدىيە ۋە ساپ روھ.

*   *   *

بىز چەكسىز جىمجىتلىق ئىچىدە، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

* * *

قەپەستىكى قۇشنى ئۇنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن ئۇنى خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز.

* * *

مەن دانىشمەنلەرنىڭ ئاقىلانە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى پىسەنتىگە ئالماي يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر ئالدىدا يېگانىدۇرمەن.

* * *

ئەقلىنىڭ ساغا ئەڭ كۆپ ياردەم بېرەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ ساپ ئەقىل بولغان بولسا.

* * *

بىز يانجىپ تاشلىغان نەرسە، چوقۇم دۈشمەن بولۇشى كېرەك. دېمەك، بىزنى چېقىشقا ئۇرۇنغان يىلان ـ چايان ۋە باشقىلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر.

* * *

ماددىي ۋە مەنىۋى پاراغەت بىزنى ئۆزىگە چاقىرىپ تۇرىدۇ، بىراق، ھەر ئىككىسىگە بىراقلا ئېرىشەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز.

* * *

شارابنىڭ كۈچى خانىم ـ قىزلارنى ئەسلىتىدۇ، كېيىن ئابرۇيۇڭنى شۇ دەرىجىدە پەسلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر بىكىتى

*   *   *

بىز نادان دەپ قارىغان ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق بىر ۋەتەندە ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئادەمدۇر.

*   *   *

ئىنكاسسىز خەلقنىڭ تارىخى ھەقىقەتەن بۇرمىلانغان تارىختۇر. ئۇلار زۇلۇمغا، ھاقارەتلەرگە كۆز يۇمۇۋالغان بولغاچقا، ئۇ تارىخ ئەنە شۇنداق يېزىلىشىپ بېرىدۇ.

*   *   *

مەن ماڭغان پارلاق كوچا، مەن يۈرگەن گۈزەل دالا، مەن كۆرگەن كۆركەم ئاسمان، مەن سۆيگەن نۇرلۇق قۇياش — مېنىڭ ھاياتىم.

*   *   *

بەك ھوشيار بولمىساق، ھايات كۈتۈلمىگەن خەۋپكە ئۇچراپ قالىدۇ.

*   *   *

ئادەم — كائىناتتىكى يېگانە پىلانت، ئۇ ئۇلۇغلۇقى، يۈكسەكلىكى بىلەن بارلىق ھاياتلىقلار ئىچىدە مىسلىسىزدۇر، بۇ ئالەمدە ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن مەركەزدۇر، ئۇنىڭدىكى نۇر — ئىزگۈ روھ دۇنيا بەخت ـ سائادەتنىڭ يېقىلغۇسىدۇر.

# ئەقىدە ئىزتىراپلىرى

ھاياتلىق — مۇسىبەتلىك سەپەر.

* * *

دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەي ياشاۋاتقان ئادەملىرىمىز نەپسى ـ بالاسىدىن ئازاد بولمىغان كىشىلەردۇر.

* * *

ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇشكۇل، ئەڭ قاتتىق سەپەر ئايرىلىشتۇر.

* * *

دەرەخ زېمىننىڭ مۇھەببىتى، ئۇ قۇشلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئارامگاھ. ئادەملەر ئۈچۈن گۈزەل سەيلىگاھ.

* * *

مەھبۇس ئۆزىگە شۇنداق تەسەللى بېرىدۇ: «تىرىكلىكىمنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت» .

* * *

غېرىب ـ مىسكىنلەر قەبرىستانلىقتەك جىمجىت كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

* * *

باللار لاي سۇلاردا چۆمۈلۈپ ئوينىماقتا، ئۇلارنىڭ پاكىز، سۈزۈك قەلبى، سۇ ئۈستىدە دولقۇن ياسىماقتا.

* * *

ساختا سۆلھىلەرگە ئالدىنىپ كېتىش ئەڭ ئېغىر مەھرۇملۇقتۇر.

* * *

قورۇغان دەرەخ قۇشلارغىمۇ پاناھلىق بېرەلمەيدۇ.

* * *

ئېتىقاد قورالدىن كۈچلۈك، لېكىن قورال ئېتىقاد ئەمەس.

* * *

ئادەم بىچارە بولۇپ قالغاندا ئۇيقۇغا قانمايدۇ.

* * *

ئاجىزلار ئەل ۋەتەن تەلەپ قىلغان نەرسىنى ھەرگىزمۇ بېرەلمەيدۇ.

* * *

كۆتۈپخانىدا ۋەز - نەسىھەتنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ «گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟»

* * *

بىر پۈتۈن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تالاي بەدەللەرنى تۆلەشتىن يانمايدىغان ئۇ كىشىلەر ئېتىقادلىقلاردۇر.

* * *

مەن دۈشمەننىڭ قەلب باغچىسىنىڭ يولىنى بىلەلىگىنىمدە، ئۇنى ئاسانلا بىتچىت قىلىمەن.

* * *

ئېتىقادسىز ئادەمگە ئېتىقادلىق ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرمەك تەس. ئۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئېتىقادلىق بولۇشى كېرەك.

* * *

مېنى سۆزلىگىلى قويۇڭلار، غەملىرىم ۋۇجۇدۇمدىن ئۇچۇپ چىقسۇن.

* * *

سىز دۈشمەننى غەلۋىر تۆشۈكىدىن كۆزەتسىڭىز، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى بىلىپ يېتەلەيسىز.

* * *

ئالىملارنىڭ شان ـ شۆھرىتى قانۇنسىز كەلگەن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

*　*　*

مەيلى ئادەم ياكى هايۋان بولسۇن، ئاجىز بولمىسىلا، ئۇ هەرگىزمۇ خورلانمايدۇ.

*　*　*

مۇشۇك: «سەللا چوڭ بولۇۋالسام، ئىتنى تالاپ ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، ئەپسۇس...» دەپ هەسرەتلىنىپ قويارمىش.

*　*　*

ماڭقۇرتلار ئۆز جەننىتىنى زوراۋانلارنىڭ قولىدىن ئىزدەيدۇ.

*　*　*

نامەرد يىگىت تاشلىۋېتىلگەن قىز تەرىپىدىن شەرمەندە قىلىنىدۇ.

*　*　*

سىياسەت ۋە قانۇن يانتاياق بولسىلا، چۈمۈلىمۇ پىلنى بويسۇندۇرالايدۇ.

*　*　*

تەمەخور بولمىساڭلا، قىيىنچىلىقلار سېنى نابۇت قىلالمايدۇ.

*　*　*

مۇشۇك چاشقانلارنى خالىماس بولۇپ قالغاندا، ئۇ چاشقاننىڭ

يېمىگە ئايلىنىدۇ.

* * *

بۆرە تۈلكىنىڭ ساختىلىقىنى ياقتۇرمايدۇ، بۆرە ئەزەلدىن ئۆز جاسارىتىنى سۇندۇرغان ئەمەس.

* * *

ئەڭ گۈزەل، پاكىز گەپ قىلىدىغان ناتىقلارنى، ئۇ گەرچە باققال بولغان تەقدىردىمۇ ياخشى كۆرىمىز.

* * *

ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى گۈزەللەشكەندە، دۇنيا گۈزەللەشمەي قالمايدۇ.

* * *

بىزمۇ خىرىسقا دۇچ كەلدۇق، ئۇ قانداقتۇر يولۋاسنىڭ ياكى شىرنىڭ خىرىسى ئەمەس، بەلكى بىر رىقابەت دولقۇنىنىڭ خىرىسى، بۇ ھايات ياكى ماماتلىق يولى.

* * *

پۇرسەت — پىشىپ يېتىلگەن مېۋە، ئۇ يېيىلمىگەندە سېسىپ كېتىدۇ.

* * *

قىزلار نازۇك ئىزلىرى قېپقالغان چىغىر يوللارنى، دەريا

ساھىللىرىنى، كۆل قىرغاقلىرىنى ۋە مەكتەپتىكى ئاددىي - ئورۇندۇقنى ئەڭ كۆپ ياد ئېتىدۇ.

* * *

ئەخلاق «ئاجىزلار»نى ھاقارەتلەشكە يول قويمايدۇ.

* * *

ئىنسان بەزىدە بىر يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇ قاراپ - قارىمايلا چېقىپ تاشلايدۇ.

* * *

ئاۋۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتقانلار گېگانتلاردۇر، ئۇلار سۈزۈك ئېقىن سۇلاردەك ئىنسانىيەتنىڭ قەلب دەريالىرىدا ئەركىن ئاقماقتا.

* * *

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز سۆزلىرىنى دوستىغا دېيىش ئارقىلىق دۈشمىنىگە يەتكۈزىدۇ.

* * *

شەيتان گۇناھلارنىڭ دوستىدۇر.

* * *

ھەقىقەت ئوتلىرى كۆيدۈرگەن قولدا كۆرۈمسىز تاتۇق بولمايدۇ.

* * *

دۇنيا ھۇرۇنلارنى، موھتاجلىق يوللىرىغا سۈرگۈن قىلدى.

* * *

ھاياتنى ياخشىلاشنىڭ يولى — ئۇنى ھەقىقىي سۆيۈش.

* * *

بەزىلەر «تاشلىۋېتىلگەن قىزنى بۇيۇك ئەخلاقلارمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ بىر قۇرۇق سەپسەتىدىن ئىبارەت.

* * *

بىرلىك — ئىشىنىش، كۆيۈنۈش، يار - يۆلەك بولۇش ... قاتارلىق ئىنسان خىسلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

* * *

ھىيلە — سۇيىقەستنى يۆگەپ تۇرغان يۆگەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

قەبرىستانلىق — ئىنسانىيەتنىڭ ئىبرەت مەيدانى.

* * *

ھەسەت — بوغما يىلاننىڭ زەھەرلىك تىلىدۇر. تۇرمۇشىمىزدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىز ئۆزىمىزنى ئۆنىڭدىن قاچۇرۇپ بولالمايمىز.

* * *

قىرى دانىشمەنلەر يېڭى ھەقىقەتلەرنى ئاسانلىقچە ھەزىم قىلالمايدۇ.

* * *

سۆيۈلگەن تۇرمۇش، كۆركەم مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ يېتىلدى، ئۇ ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرگە مۇھەببەت مېۋىسى بەردى.

* * *

چاقماقنىڭ نۇرلىرى بىزگە مەشئەل بولالمىدى، مەنمەنچى تەكەببۇر سەركەردە بىزگە باشلامچى بولالمىدى.

* * *

بىز ئېرىشكەن بايلىقلار بىز ئېرىشكەن بىلىمدىن ئارتۇق بولغاندا، بىلىم شۇبھىسىزكى ئۇنتۇلىدۇ.

* * *

ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن خىلۋەتتىكى دەرەخمەن،
كۆز ياشلاردەك ئېقىپ تۇرغان ئۇپۇقتىكى ئەختەرمەن.

* * *

سىنىڭ قەلبىڭ تاغ چەشمىلىرىدەك سۈزۈك، قۇياش نۇرلىرىدەك يارقىن، چوغ گۈلىدەك جەلپكار، ئانا سۈتىدەك ساپ

ھەم پاكىز. . . شۈنداق قەلبىڭ بولغاچقا، سەن ئەزىز، تولىمۇ ئەزىز. . .

* * *

سەن سۆيگەن نەرسە سېنى سۆيىدۇ، چۈنكى، سېنىڭ قەلبىڭ باشقىلارغا قانداق بولسا، باشقىلارنىڭمۇ قەلبى ساڭا شۇنداق بولىدۇ.

* * *

كىشىلەرنىڭ سەندىن تەلەپ قىلىدىغىنى ساداقەت.

* * *

ھەقىقەت باتۇرلارنىڭ قەلبىدە كۆكلەيدۇ.

* * *

كۈرەش بىزگە پاجىئە تەقدىم قىلمايدۇ، بەلكى يېڭى، گۈزەل بىر ھاياتلىق، يېڭى ماكان تەقدىم قىلىدۇ.

* * *

كونا دۇنيا گۇمران بولغاندا، يېڭىدىن ـ يېڭى تەپەككۇر باش كۆتۈرىدۇ.

* * *

ھەق سۆزلەر ھەققانىيەتچىلەرنىڭ كەلىمىسى، بەدەندىكى گۈزەل قاننىڭ جىلۋىسى، روھتىكى مۇھەببەتنىڭ نۇرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*   *   *

ئاجىزلارغا ھەممە ئادەم بىچارە كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكەن.

*   *   *

سۆزلىيەلەيدىغان ئۆلۈك بار، سۆزلىيەلمەيدىغان تىرىك بار.

*   *   *

بەختسىزلىك بەخت چۈشەنچىمىزنىڭ كەمتۈكلۈكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

*   *   *

بىز تىلىمىزنى تارتمىغاچقىلا، ناھايىتى كۆپ مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ كەلدۇق.

*   *   *

چىرايلىق بولغان بىلەن بەختلىك بولغىلى بولمايدۇ.

*   *   *

ئىنسان سىرلىق قەلئە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سىرلىرى ئۆزى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ.

*   *   *

چۈشىنىشلىك ئادەم ناھايىتى تېزلا باشقىلارنىڭ دوستى بولۇپ قالىدۇ.

*   *   *

دۇنيا ئاجىز كىشىلەردە روھ يوق، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

*   *   *

قۇياش نۇرىنى سۆيمەيدىغان شەيئى چوقۇم زۇلمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

*   *   *

ياخشىلىق بەك ئۇزۇن داۋام قىلغاندا، كىشىلەر ئۇنى مەنسىتمەي قالىدۇ.

*   *   *

ۋەھىمە ئاسماندا ئەمەس، يەردە. ئەمما ئۇنى كۆپ ئادەملەر بىلمەي ياشىدى.

*   *   *

بىز چۈشەنگەندە، يا سۆيمىز ياكى نەپرەتلىنىمىز.

*   *   *

تىلىمىز ھەرىكىتىمىزنى كىشىلەرگە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ.

* * *

قەلبىم خاتىرجەم بولسۇن دېسەڭ، تەن ۋە روھىڭنى پاك تۇت.

* * *

ھاياتنى ئاغرىتىۋاتقان، خورلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغان ئادەم بىچارە، قۇل ئادەمدۇر.

* * *

بىز دائىم ياد ئېتىپ تۇرغان نەرسە بىز ئېرىشمەكچى بولغان ھەم بىز ياخشى كۆرگەن نەرسىدۇر.

* * *

بىز ئۆزىمىزنى باشقۇرالىساقلا، يەر شارىنىمۇ باشقۇرالايمىز، ئەپسۇس، بىز تېخى گۆدەك ھەم نادان.

* * *

نۇر سايىنى ياراتتى، يامانلىق ياخشىلىقنى ئاپىرىدە قىلدى.

* * *

گۈزەللىكنىڭ قەلبى نۇر، جىسمى گۈلدۇر. رەزىللىكنىڭ قەلبىمۇ، گەۋدىسىمۇ نىجاسەتتۇر.

* * *

يەر ـ زېمىنلا ئەمەس، ھاۋامۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز.

* * *

بىز دۇنيا ۋە ئۆزىمىزنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندە، ئايرىلىپ قالغان نەرسىمىزنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

* * *

قەيبەر سەت سۆزلىرىمىز بىزنى كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

* * *

نەسىھەتچى كەمسىتىلگەن يەردە زالالەت بولىدۇ، دانىشمەنلەر ئۆلتۈرۈلگەن يەردە قىيامەت بولىدۇ.

* * *

ھەر قەبىلە، ھەر ئەۋلادنىڭ ھەققانىي ئادەملىرى بار، مانا ئۇلار ھەقنى سۆزلىگۈچىدۇر.

* * *

ھەقىقەت يوقىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان نەرسە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*   *   *

قۇشلار مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، چۈنكى مەن ئۇلار ئۇچۇن دەرەخ تىككەندىم. مەن قۇشلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. چۈنكى ئۇلار ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ناخشىسىنى سوۋغا قىلغانىدى.

*   *   *

بوۋاق ئانا قەلبىنىڭ چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ئوتلۇق شىۋىرلاشلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

*   *   *

قەلبى قاتتىق ئادەمنىڭ كۆز يېشى بولمايدۇ، داۋاملىق يىغلاپ يۈرگەنلەرنىڭ يۇمشاق قەلبىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمىز.

*   *   *

بىز ياخشى كۆرگەن ئادەمنى خۇدامۇ ياخشى كۆرىدۇ.

*   *   *

ئەقىدىمىز بولمىسا، بىزگە ھېچ كىشى ئىشەنمەيدۇ.

*   *   *

شەھەرلەردە خورازنىڭ چىللىماسلىقى ئۇنىڭ بىخودلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بىھوش قىلىش ئوكوللىرى ئۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن.

* * *

ھەقىقىي ئەخلاق سەممىي، راستچىل، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەڭ كۆپ كۆكلىشى مۇمكىن.

* * *

ئۆز خەلقىنى ئۆزىنىڭ قېرىنداشى، دەپ بىلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن ئۆلارنى ئالدىمايدۇ، يالغان ئەۋلىيالىقى بىلەن ئۆلارنى ئالدىمايدۇ.

* * *

ياخشى نىيەت پاكىز قەلبتىن تۇغۇلدى، ئۇنى تالاي كىشىلەر ئەتىۋارلاپ سۆيدى.

* * *

مېنىڭ سۆزلىرىم ياخشىلارنىڭ تىللىرى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، ئۇ بوگۇنكى ئەڭ ياخشى ھاۋا بولۇپ قالدى.

* * *

مېنىڭ كۆزۈم گۈلنىلا كۆرۈپ، تىكەننى كۆرمەي قالمىدى.

* * *

مېنىڭ ئىدىيىلىرىم زۇلمەتلەرگە نۇر ئاتا قىلدى. كىشىلەر مېنى پەيلاسوپ، دەپ چاقىردى. ئەمما، مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان ئاددىي بىر ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

مەن بىر ئوچۇم زەھەرلىك ئىسنى تۇتۇۋالدىم، بۇ ئىس بىزنى زەھەرلەۋاتقان ئەڭ ناچار ھاۋا ئىدى، ئۇنى باشقىلار بىلسە ئىدى، كاشكى؟

* * *

جاھان كەمتەرلىرىنىڭ مۇنداق بىر ھېكمىتى بار: «باشقىلارنىڭ ئازابلىرىنى ئۆزۈمنىڭ ئازابى» دەپ چۈشىنىشىم مېنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىمدۇر.

* * *

باھادىرلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغان قورام تاش ئۇلار ئۈچۈن بىر پارچە كېسەكتىن ئىبارەت.

* * *

سەن زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشنى خىيال قىلساڭلا، تەگرى ساڭا قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى كەگرى ئېچىپ بېرىدۇ.

* * *

ئەڭ كۆپ ئادىشىدىغان ئادەم ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەم، بىزدە مۇنداقلا ئاز بولمىسا كېرەك.

*　*　*

چىرايلىق كېپىنەك كۆركەم گۈلزارلىقتىن چۈۋالچاق دۇنياغا ئۇچۇپ چىقتى. ئۇ بازار، رەستىلەردىكى ئادەملەرنىڭ قىقاس – چۇقانلىرى ئىچىدە يول تاپالماستىن گاڭگىراپ قالدى.

*　*　*

سۆيۈشنى بىلمىگەچكە، قولدىن بېرىپ قويغانلىرىمىزنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز.

*　*　*

قۇشلار تەبىئەت ھەققىدە ئەڭ چىرايلىق ئىبارىلەرنى سۆزلىدى، پەيلاسوپلار ئىنسان ھەققىدە يېڭىدىن يېڭى ئىبارىلەرنى جاكارلىدى.

*　*　*

ئۆلۈك ئادەملەر پىچىرلاپ سۆزلەپ، بۇ دۇنيانى تىللايدۇ چىشلەپ.

*　*　*

شەيئىلەر يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئەمما ئۇلار قاراڭغۇنىڭ خورلۇقىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمىدى.

*　*　*

مەن ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ياشاۋاتقان تالاي – تالاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

ئادەملەر ئارىسىدا غېرىبسىنىپ قالدىم. چۈنكى ئۇلار مېنى ھەم سۆزلىرىمنى يەكلەپ قويغانىدى.

* * *

ياۋايىلىق مەدەنىيەتنى ياراتتى، مەدەنىيەت كۈلپەتنى ياراتتى، كۈلپەت مەرىپەتنى ياراتتى.

* * *

سەن پەقەت سەن بولۇشۇڭ كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا پۈتكۈل ھاياتىڭ باشقىلارنىڭ بولۇپ قالىدۇ. بۇ قۇللۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

كۆرەش — خورلانغان ئىنسانىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ئاسرايدۇ.

* * *

ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ يۈرەك يارىسى بار، بۇ يارا ئۇلارنى ھەقىقەتكە چاقىرىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئەزىمەتلەرنىڭ مەقسىتى ئۆز خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك يوللىرىنى يورۇتۇش، ئۇلارنى گۈزەل، پارلاق مەنزىللەرگە يەتكۈزۈش.

*   *   *

يىمىرىلمەس قورغان بولمايدۇ، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ئېتىقاد.

*   *   *

دۈشمەن ئاسماندا ئەمەس، يەردە. ئۇنى تونۇيالايدىغان كۆز سېنىڭ قەلبىڭدە.

*   *   *

جەڭ قىلىش ھايات قېلىش ئۈچۈن، خورلۇقتىن، ئازابتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.

*   *   *

ئۆلۈمنى ئويلىماي بولمايدۇ، ئويلايدىغىنىمىز ياخشى ئۆلۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەلبىم نىمە دەيدۇ

كۆپ دېيىلگەن، تەكرارلانغان سۆزنىڭ قىممىتى بولمىسا كېرەك.

* * *

تۇرمۇش — باراخسان ئۆسكەن دەرەخ، ئۇنىڭ مەزمۇت شاخچىلىرى سەرخىل ۋە ھەرخىل رەڭدە بولىدۇ. بىرىدە ئازاب مېۋىلىرى يالتىرىسا، بىرىدە شادلىق مېۋىلىرى جىلۋە قىلىدۇ. بىرىدە ئۇنىڭ شاخچىلىرىدىن ياش ئاقسا، بىرىدە يوپۇرماقلىرىدىن قان ئاقىدۇ.

* * *

بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك بولىدىكەن، ئۇنىڭ قولى قان بولماي قالمايدۇ.

* * *

قاقاس بولۇپ كەتتى ئورمانلار، ئەمما بۇنى سەزمىدى ۋىجدانلار.

* * *

بىز مەست بولغاندا ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قالىمىز.

* * *

نومۇس ئىنساننى سەگىتىدۇ.

* * *

كۈرەشنىڭ مەقسىتى — يېڭى بىر دۇنيا ئاپىرىدە قىلىش.

* * *

مۇناپىقلارنىڭ ئۆلۈملىرىگە ئىچ ئاغرىتىش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىغا رازى بولغانلىق ۋە ئۇنى قوللىغانلىق بولىدۇ. جاھاندا بۇنىڭدەك چوڭ جىنايەت بولمىسا كېرەك.

* * *

ئۇ — ئىسسىق قان، دەريالىرىڭدا، كۆللىرىڭدە، چۆللىرىڭدە ئېقىۋاتقىنى ئىسسىق قان، تاغلىرىڭدا، باغلىرىڭدا ئېقىۋاتقىنى ئىسسىق قان. يەنە ئاشۇ ئۆلگەن ئورمانلاردا، قۇرىغان بوستانلاردا ئېقىۋاتقىنى ئىسسىق قان... سەن بەلكىم ئۇ قاننى كۆرمەيۋاتىسەن، بەلكىم سەن بۇ قاننىڭ قان ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتىسەن، ئۇ راستىنلا قان. ئۇ زېمىننىڭ، ئادەمنىڭ قېنى، ئۇ ئاسماننىڭ ۋە ئالەمنىڭ قېنى. ئۇ سېنىڭ ھەم مېنىڭ قېنىم... ئۇ ئىسسىق قان، ئىسسىق قان...

* * *

ياشاسقا ھوقۇقۇڭ بولسا، شۇ ھوقۇق ئۈچۈن بەدەل تۆلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھوقۇق بەدەلسىز ۋۇجۇدقا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس.

* * *

قانۇننىڭ تىلى مېھرىبان، ئەمما ئۇنىڭ سول قولى قورقۇنچلۇق.

* * *

سېنىڭ تەبەسسۇمۇڭ سېنى كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، سېنىڭ كۈلكەڭ كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

* * *

قۇملۇقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم شۇنداق نىدا قىلىۋاتىدۇ: مەن كۆيۈۋاتقان دېڭىز، مەن كۆيۈۋاتقان ئادەم، مەن كۆيۈۋاتقان قۇياش، مەن كۆيۈۋاتقان يەر...
ئۇنىڭ بۇ ساداسىنى ھېچ ئادەم ئاڭلىمىغاندەك قىلدى.

* * *

سەن ئېچىرقاپ، چاڭقاپ كەتكەن بىر ئىتقا سۇ بەرگەن بولساڭ، ھېسسىياتىڭ ئىتنىڭ چاڭقاقلىقنى بېسىققاندىكى ئەلپازىدا بولسۇن، چۈنكى ئۇ ئىت.

* * *

قەلبىگە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى پۈكمىگەن ئىنسان مېنىڭ قارىشىمدا ئادەملەر تائىپىسىگە كىرىپ كەتمەيدۇ.

*　*　*

نۇر ۋە سايە ئادەمنىڭ ئىككى يولى، بۇ ئىككى يولنى تاللاش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

*　*　*

مېنىڭ يۈرىكىم مېنىڭ ھاياتلىقىم ئۈچۈن سوقىدۇ، زېمىننىڭ يۈرىكى ھەممىمىزنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن سوقىدۇ.

*　*　*

خۇدا ئالەمنىڭ نۇرى، ئادەم زېمىننىڭ نۇرى.

*　*　*

مەن سۇ تېگىدىن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتىم، مەن سۇ ئۈستىدە بىر تال يوپۇرماقلا ئەمەس، بەلكى بىر قولۋاقلا ئايلانغانىدىم.

*　*　*

مېنى تېنىم تاپقۇزماي، كېچە ـ كۈندۈز تىنچلاندۇرمايۋاتقان نەرسە نېمە؟ مۇھەببەت، پەقەتلا مۇھەببەت...

ئۇ ۋەتەنگە، خەلقىمگە، ئائىلەمگە، ئاتا ـ ئانامغا، ھەمشىرىلىرىمگە، يۈرتۇمغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە سېغىنىش كۈچى.

www.uyghurkitap.com

* * *

ئۇلۇغ، يۈكسەك كىشىلەر بىر تۈپ گۈل دەرىخى، ئۇ دائىم خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

* * *

ھەممەت ئىگىسى بول، خۇدايىم سېنى دوستۇم، دەپ سۆيىدۇ.

* * *

سەن ئاق بىلەن قارىدىن تۈزۈلگەن.

سېنىڭ كۆزۈڭ كۆپ ھاللاردا ئاق تەرىپىڭنى كۆرىدۇ، سېنىڭ كۆزۈڭ قارا تەرىپىڭنى كۆرگەندە، سەن ھەقىقىي ئۆزۈڭنى چۈشەنگەن بولىسەن.

* * *

ئادەمنىڭ كۈندۈزى ئادەم، كېچىسى ھايۋان.

* * *

مېنىڭ ئويقۇم ھەم بىكار ئۆتكەن چاغلىرىم مېنىڭ ھالاكىتىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

* * *

نامرات، كەمبەغەل ئەلنىڭ پېشانىسى شورلۇق كېلىدۇ.

* * *

ئۈنىڭغا چىش ـ تىرنىقىنى بىلەيدىغانلار كۆپ بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر نامرات بىر شەھەر ئىكەنلىكىمدىن يىرگىنىمەن.

* * *

ھايات بىرلا كۈنلۈك مۇساپە، ئۇ سەھەردە كۆزىنى ئاچىدۇ، كەچتە ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇ مەڭگۈ قايتا ئويغانمايدۇ.

* * *

مېنىڭ بىرلا قۇياشىم بار: ئۇ — ۋەتىنىم، مېنىڭ بىرلا قۇياشىم بار: ئۇ — خەلقىم.

* * *

ئۆزى يىقىلغان ئادەمدە قوپۇش ئىرادىسى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ يىقىلغان، ئۆلگەن ئادەمدۇر.

* * *

زاماننىڭ ئەلپازى ئۆزگىرىدۇ ـ دە، ئىنسانىيەت گۈلىستانىنى خازان قىلىدۇ.

* * *

ساۋاتسىزلىق قورقۇنچلۇق باياۋان، ئۇ ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ پاجىئەلىك ھالاكىتىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

* * *

بالىلارنىڭ پاجىئەلىك ئازابىنى كۆرگەن ئىنسانىيەت ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەرگە قاراپ قورقۇپ كەتتى.

* * *

كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار كائىناتنىڭ بىرلىكى، ئىنسان كائىناتنىڭ يۈرىكى، ئەگەر ئىنسان يۈرىكى سوقۇشتىن توختىسا، دۇنيادا گۈزەللىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ.

* * *

دېڭىز ـ ئوكيان ئۆز ئۆستەڭلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ.

* * *

ئاجىزلارنىڭ قورقۇنچاق بولىدىغانلىقى ئېنىق، سەۋەبى ئۇلار ئۆزىنى ھەر ۋاقىت كەم سۇندۇرىدۇ.

* * *

مېنىڭ بارلىق تراگېدىيىلىرىم قارشىلىق كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىقتى، مەن ئوغۇل ـ قىزلىرىمغا بۇ ئەقلىي يەكۈننى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم.

*  *  *

غەلىبە قىلغانلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇلار مۇتلەق ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىغان ئادەملەردۇر.

*  *  *

ئىنسان بىر شەھەر، ئۇ ئۆز شەھىرى ئىچىدە ئۆز دۇنياسىدىن ھۇزۇر تاپىدۇ، ئۇ غالجىر ھەم مۇلايىم كائىنات، ئۇ قىقاس ـ چوقان تولغان دۇنيا، ئۇخلاپ قالغان قەدىمىي قەبرىستان.

*  *  *

مەن ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق يوپۇرمايمەن، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ساداسى جەننەتتىكى ئالتۇن زۇننارنىڭ يېقىملىق ناخشىسى. ئۇ مېنى خۇدا بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ.

*  *  *

خۇداغا راست قەلبىڭ بىلەن ئىشەن، چۈنكى تەڭرى ساختىلىقنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

*  *  *

تەكلىماكان — ئىمان ۋە ئېتىقادى سۇسلاشقان خەلقنىڭ قەلبى.

*  *  *

غېرىب توغراقلار — ئىگە ـ چاقىسىز قالغان بالىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

سۇنغان قەلبى.

* * *

دۇنيادا ھەممىدىن بەكرەك ئويلايدىغىنىڭ پەقەت ئۆزۈڭ بولسۇن. سەن ئۆزۈڭنى قانچىكى چۈشەنسەڭ ئائىلەڭ، يۇرتۇڭنى، ۋەتىنىڭنى ھەم خەلقىڭنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولىسەن. مانا بۇ ھەقىقىي سۆيۈش.

* * *

تەكلىماكان — تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى تراگېدىيە.

* * *

خۇدا كۆكرەك كىرىپ كۈرەش قىلغانلارنىڭ دوستى، خۇدا ئېزىلەڭگۈ كىشىلەرنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.

* * *

يېتىشتۈرۈپ قويدۇم ئۆز - ئۆزۈمنى، يۇتتۇرۇپ قويدۇم روھىمنى، ئېتىقادىمنى. . .
يۇتتۇرۇپ قويدۇم بايلىقىمنى، ئامرىقىمنى، ھەممە - ھەممىنى. . .

* * *

مېنىڭ ئۆيۈم ئۆمۈچۈك ئۆيى، مەن شۇ ئۆيدە تور توقۇغۇچى، توردىن چىقالمىغۇچى.

*   *   *

بۈگۈنكى ماشىنىنىڭ گۈركىرەشلىرى تۈنۈگۈنكى ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرىگە يەتمەيدۇ.

*   *   *

دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، گۈزەل، يېقىملىق ئاۋاز ئادەملەرنىڭ ئاۋازى.
دۇنيادىكى ئەڭ ئەسەبىي ئاۋازمۇ يەنە شۇ ئادەملەرنىڭ ئاۋازى.

*   *   *

ئۈمۈچۈك ئۆلۈغ تراگېدىيە ئىچىدە ئۆز ئۆيىنى بەرپا قىلىدۇ.

*   *   *

بالىلار يېقىملىق ناخشا - مۇزىكا ساداسى ئىچىدە دانىشمەنلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي قالىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا خېلىلا قېرىپ كەتكەن بولىدۇ.

*   *   *

بىر دەرەخ بىر بالا، ئون دەرەخ ئون بالا، دەرەخلەر بالىلىق بوسۇغىسىدىن مەڭگۈ ئاتلاپ ئۆتەلمەيدۇ.

*   *   *

مەن بۇ شەھەردە كېچە - كۈندۈز كۆيۈپ تۇرغان نۇرمەن، گاھى چاقناپ ھەم ئۆچۈپ تۇرغان مەشئەلمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

*   *   *

ئادەمنىڭ قەلبىدىن يانار ئوتلار، سىغىنغاندا، پەقەت سىغىنغاندا ۋەتەننى، يۇرتىنى، مۇھەببىتىنى . . .

*   *   *

جىمجىت ئاۋاز — نۇرلۇق يەر شارى،
جىمجىت ئاۋاز — كۆكتە نۇر قۇياش.
جىمجىت ئاۋاز — ئاللاھنىڭ غارى،
جىمجىت ئاۋاز — قىزلار ۋۇجۇدى.

*   *   *

بىراۋنىڭ ساقا بەرگىنى زەھەر، سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىڭ ھەسەل بولسا، بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولغان بولىدۇ.

*   *   *

ئاغرىغان تېنىڭ، خورلانغان روھىڭ سېنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ياكى ئويغىتىشىمۇ مۇمكىن.

*   *   *

پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان قانۇن تەڭرىنىڭ قانۇنىدۇر. تەڭرىنىڭ قانۇنى — ياخشى سۆز ۋە ھېكمەت جەۋھەرلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەم تۇزىتىش كىرگۈزەلىگەن ئەمەس.

* * *

شەھەردىكى ئادەم يۇمشاق قۇرت، سەھرادىكى ئادەم يالتىراق ماي قوڭغۇزى، تۇرمە ھەم باياۋاندىكى ئادەم پىشىپ قاتقان تاش.

* * *

بىلىمنىڭ ئالتۇن كولدۇرما ئىكەنلىكىگە ئىشەن.

* * *

«يىلان ئادەملەر ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىغا تەمەچ توشۇپ تەمەچ تاشلايدىكەن. قارلىغاچ شىددەتلىك دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرىمەن، دەپ سۇ چاچىدىكەن». يىلان قارلىغاچتىن: «ئەي قارلىغاچ، تامچە ـ تامچە سۇ بىلەن بۇ ئوتنى قانداق ئۆچۈرەلەيسەن؟» دەپ سورىغاندا، قارلىغاچ: «ئىنساننىڭ ئازابىنى چۈشىنىش مېنىڭ ئەقىدەم، قانداق بولمىسۇن، ئۆز ئەقىدەم يولىدىكى ھەرىكەتتىن زىيادە لەززەت تاپىمەن» دەپتۇ. مەن مۇشۇ خىل ئەقىدىنى ئىزدىگەن بولساممۇ تاپالمىدىم. قېرىنداشلارنىڭ قەلبىنى ئاختۇردۇم، دوست، ھەمشىرىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا قارىدىم، بىراق تاپالمىدىم. مەن شۇڭا، دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدە قاقشاللىقتا قۇرۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئاھ قارلىغاچ. . .

ئاھ ئادەم. . .

* * *

بىزنىڭ بايلىرىمىز بىلىمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى پۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مال ـ دۇنيا كەبى چۈشەنگەن بولسا، دۇنيا تەسەۋۋۇرسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بولاتتى. ئەپسۇس. . .

* * *

سەن ئاجىز روھلارنىڭ ئالدىدا ئەمگەك توغرىسىدا ھەرگىز سۆزلىمە، پەقەت ئەمگەك ۋە ھەرىكەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قوي!

* * *

ئالدىمىزدا ئۆتكەن تالاي ئۇلۇغ زاتلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمىز ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، بىراق كۆز ئالدىمىزدىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقىنىمىز تولىمۇ قورقۇنچلۇق.

* * *

بىر ئادەم بىر كىتاب، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىمىزدە، يېڭى بىر مەزمۇنغا ئىگە بولىمىز.

* * *

ئەڭ ئېغىر جازا نىمە؟

ۋىجدانلىق، ئەقىللىق ئادەملەر ئەڭ ئېغىر جازانى ئۆلۈم، مەڭگۈلۈك تۈرمىدە يېتىش، چۆل ـ باياۋانغا سۈرگۈن بولۇش... دەپ قارىمايدۇ. پەقەت ئۆز قىلمىشىغا نىسبەتەن ۋىجدانىي جەھەتتە ئازابلىنىشنى ئەڭ ئېغىر جازا، دەپ قارايدۇ.

*   *   *

روھ زەئىپلەشسە، ھايات زەئىپلىشىدۇ.

*   *   *

مۇھەببەت — روھنىڭ پەرۋازى؛ پىنھاندىكى قەلبنىڭ ئۈنسىز ساداسى ۋە سۈنغان، ئازابلانغان دۇنيانىڭ زەئىپ نىداسى. . .

*   *   *

بۈگۈن ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ھەقىقىي شېئىر.

*   *   *

پەيلاسوپ بولۇشنى ئويلىساڭ زامان ۋە ماكاننىڭ ئەڭ تېرەن يەرلىرىگە كىرىشتىن قورقما.

*   *   *

دۇنيادا چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز ياشاشتىنمۇ ئازابلىق ياشاش بارمىدۇ؟ بىز ياشاۋاتقان ئائىلە ئەنە شۇنداق ئائىلە.

*   *   *

سەن مۆرىۋەت ئىگىلىرىنى ھەقىــــقىــــي رەۋىشتە تونۇپ يەتكىنىڭدە، دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت سېنى ئۆزىنىڭ مېھرىبان قولى بىلەن پەپىلەپ ئىللىق قەلبى بىلەن بېشىڭنى سىلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*　*　*

ئىرادە يوقالغان ياكى سۇنغان يەردە مەغلۇبىيەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت بولماي قالمايدۇ.

*　*　*

غەم ـ ئەندىشە. . .

دۇنيا غەم ـ ئەندىشىگە تولغان، ئادەملەر غەم ـ ئەندىشىگە بوغۇلغان، ھەممە غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يۈرگەن. . .

شۇنداق ئويلايمەن:

غەم ـ ئەندىشىدىن چوقۇم قۇتۇلۇش كېرەك. غەم ـ قايغۇ روھنى خورىتىدۇ، تەننى ئاجىزلىتىدۇ، ئاقىۋەت ئىنسان ھاياتى ھالاكەتنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالىدۇ. بۇ تولىمۇ ئاجىزلىق، تولىمۇ بىچارىلىك بىلەن ياشىغانلىق.

شۇنداق ئويلايمەن:

قورقۇمسىز كىشىلەر نەقەدەر ئۇلۇغ ـ ھە! ئۆلۈم، ئاچلىق، كېسەللىك، قەرزدارچىلىق، تۈرمە. . . ئۇلار ئۇچۇن ھېچنېمە ئەمەس.

ھاياتتا مەردانە ياشاش، ھەقىقىي ياشاش دېگەن ئەنە شۇ.

غەم ـ ئەندىشە قىلماڭ. بىلىش كېرەككى، غەم ـ ئەندىشىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغان كىشى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ، خالاس.

*　*　*

ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان ئادەم نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى باشقىلارنىڭ

كونترولللۇقىدا ياشايدۇ.

* * *

ئۆز شەرمەندىچىلىكلىرىنى چۈشەنگەن ئادەم دۇنياغا يېڭىلا تۇغۇلغان ئادەم.

* * *

كۆڭۈل قويۇپ بالا تەربىيىلىگەنلىرىمىز تولىمۇ ئاز، بىز ئېشەك بېقىش ساۋاتى، توخۇ، ئۆردەك كۆپەيتىش بىلىملىرى، ئات، كالا سەمىرتىش رىسالىسىنى ئوقۇپ ھارمايمىز، بىراق، دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بالىلار توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمىز. ھەممىمىزنىڭ ئېغىزىدا بىرلا ئېغىز گەپ: ھەركىم ئۆز پېشانىسىدىن كۆرىدۇ، خالاس.

بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق گەپ.

* * *

كىشىلەر بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىگە ئېرىشىپ بولغاندەك مەغرۇر ئىدى، ئۇلار تورمۇش ھەلەكچىلىكىدە ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

قۇياش چىقتى، پاتتى. . ئېگىز - ئېگىز بىنالار ئاستىدا ئۇلار گويا چۈمۈلە كەبى ئالدىراش يۈرمەكتە. ئۇلار چۈمۈلىگە شۇنداق ئوخشايتتى. . .

بالىلار ئاتا - ئانىلار باشلىغان تار، قىستا - قىستاڭ يول بىلەن ئويۇنچۇقخانىلارغا يۈگۈرۈشمەكتە.

www.uyghurkitap.com

تالا بەك سوغۇق. هاراق بۇسلىرى كوچىـــــنى سوغۇقلا قىلىۋەتكەنىدى.

قانۇن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى.

* * *

كىشىلەر ئۆز يۈرىكىنى ئاياغلىرىدا دەسسىۋالغاچقا تولىمۇ هالسىز ۋە غېرىب ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشنى خالىمايدۇ. كەچ كىــردى، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئادەملەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدى.

توپا باسقان مۇقەددەس كىتابلار ئۆينىڭ بىــر بۇلۇڭىـــدا غېرىبسىنىپ قالغانىدى.

* * *

دۈشمەننىڭ قامچىسى سېنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، دوستۇڭنىڭ قامچىسى سېنى نابۇت قىلىدۇ.

* * *

زوراۋانلارنىڭ تايىقىنى يەۋېتىپ، يەنە ئۇلارنىڭ تايىقىنــى سۆيۈۋاتقانلار نېمىدېگەن ئەقىلسىز نائەھلىلەر ـ ھە! مەن ھەر كۈنى شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

* * *

ھەقىقەت مەشئىلىنى كۆتۈرگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشكۈچىلەر مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ نازۇ ـ نــــېمەتلىــــرىدىن

بەھرىمەن بولىدۇ.

* * *

بەل قويۇۋېتىشنى خالىمايدىغان ھەرقانداق ئادەم ھاياتلىقتىكى ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ.

* * *

مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى — سېنىڭ ئىبرىتىڭ بولسۇن، غالىبىيەتچىلەرنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى — سېنىڭ مەشئىلىڭ بولسۇن. ئەمما سەن ھەرگىز مەغلۇبىيەتچىمۇ، غالىبىيەتچىمۇ ئەمەس ئادەمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قالما.

* * *

يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ قەلبى يورۇق بولىدۇ. يورۇقلۇق ھەققىدە سۆز قىلغان ئادەمنىڭ دىلى سۈزۈك بولىدۇ.

يورۇقلۇققا كىرگەن ئادەمنىڭ يوللىرى راۋان، ھاياتى شادىمان بولىدۇ.

ئاھ، زۇلمەت، نېمىدېگەن يامان ـ ھە!

* * *

مەن ھەسرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمەن.

ھەسرەتلىرىم جىمجىت قەلبىمنىڭ تىرەن قاتلاملىرىدا مېنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىرىدۇ.

قۇشلارنىڭ پەرۋازىدەك روھىمغا كۆز تەگمىسۇن. تۇلپار ئاتنىڭ ئايىغىدەك ئاياغلىرىمغا تىل تەگمىسۇن.

www.uyghurkitap.com



ئالدى ـ كەينىمدىكى قاراڭغۇلۇق مېنىڭ رەقىبىم. مەن ھەممە ئەزالىرى چىرىپ كەتكەن رەقىبىمنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتىمەن. تاغ ـ داللارنى، ئوكيان ـ دېڭىزلارنى كېزىپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ قانىتىدەك روھىمدا غالىبلىق بار. مەن ئۆزۈمنى كۆزەتمەكتىمەن. ئۆزۈم ھەققىدە خىيال قىلماقتىمەن.

ئاھ روھىم، مەن روھىمنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىمەن. روھىمدا پاكىز ئىمان بار.

كۈچلۈك ئېتىقاد، ۋىجدان ۋە جاسارەت — مېنىڭ روھىم.

* * *

مەرىپەت گۈلزارلىرىغا كەينىچىلەپ كىرگەن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا بىلىم يۇقمايدۇ.

* * *

ئىتنىڭ ھاۋشىشىدىن تەئەججۈپلەنمە، چۈنكى ئۇ ئىت! قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ھاۋشىشى دۇنياغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

* * *

ئامرىقىم، مەن سېنى سۆيىمەن.

نەپەسلىرىمىزنى بىرلەشتۈرگەن باھارىستاننىڭ فېۋرال كۈنلىرىنى ئەسلەيمەن.

گۈل دۇكىنىدىن سېتىۋالغان ھىلىقى سەپدە، رەيھان گۈللىرىگىنىڭ خۇش ھىدلىرى ھېلىھەم ئېسىمدە.

قاپقارا بولاقتەك كۆزلىرىڭ بىلەن يالغۇز دەرەخ ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ماڭا چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن

باققىنىڭنى دەقىقىمۇ ئۇنتۇمايمەن.

ماي ئېيىدا تاڭ سەھەردىلا ياغقان يامغۇرلۇق كۈننى، دېرىزەڭ يېنىدا قارا يامغۇردا تىترەپ ماڭا قاراپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىڭنى سېغىنىمەن.

سېنىڭ كۈلكەڭدە سۇزۇك ئېقىنلارنىڭ زىل ۋە شادىيانە ئاۋازى بار.

سېنىڭ قەلبىڭدە چەكسىز كائىناتتىكى يېشىل ئاسماننىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى بار. ماڭا مەڭگۈ جۇلا تۆكۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ پاكىز سۆيگۈڭنى ھەدىيە قىلغىنىڭنى ئەسلەيمەن.

بىزنىڭ قەلبىمىز مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ.

ئامرىقىم، بىز بۇ ناخشىنى ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگىچە ياڭرىتايلى.

*   *   *

مەن بىخودلۇق ھەققىدە سۆزلەيمەن:

تەن ۋە روھنى سۆيمەسلىك، قەدىرلىمەسلىك بىخۇدلۇق. ئۆزى ھەققىدە ئويلانماسلىق، پىكىر قىلماسلىق بىخۇدلۇق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىش، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈش، ھۇرۇنلۇق، زەئىپلىك بىخۇدلۇق. ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى بىلمەسلىك، ئەقىل ۋە ئىدراكنى ئىشقا سالماسلىق بىخۇدلۇق. زالىمغا يان بېسىش، دۈشمەنگە يانتاياق بولۇش، تاغۇتلارنى ھىمايە قىلىش، يالغان ھەقىقەتلەرنى توغرا دەپ قوللاش، ساختا شوئارلارنى قىزغىن تۇۋلاش بىخۇدلۇق، ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتلەرنى ئويلىماسلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن ئىبرەت ئالماسلىق، خاتالىقلار ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىك بىخۇدلۇق.

تىل ـ ھاقارەتكە سۈكۈت قىلىش، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قول

www.uyghurkitap.com

قوشتۇرۇپ تۇرۇش، مۇستەبىتلىككە، ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە-گە شەرت ـ شارائىت هازىرلاپ بېرىش بىخۇدلۇق. مۇناپىقلىق يوللىرىدا مېڭىش، خائىنلىق تونلىرىنى كىيىش، مەرىپەت نۇچىلىرىنى بېسىش بىخۇدلۇق. ھەقىقەت ھېكمەتلىرىدىن چەتنەش، مەشئەل ئەدىبلىرىنى يەكلەش، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلارنى سەتلەش بىخۇدلۇق.

ئاھ، بىخۇدلۇق، نېمىدېگەن يامان ئەخلاق ـ ھە!

* * *

ئاھۇ ـ پەريادلار پەلەككە يەتتى. زېمىن يېرىلىپ كەتتى. يىغا ـ زارى يۈرەكنى تىترەتتى. گۈل ـ گىياھلار توزۇپ كەتتى.

پەريادلارنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. يېرىلغان زېمىننى ھېچكىم كۆرمىدى.

يىغىمۇ بوغۇلۇپ قالدى، گۈللەرمۇ يادلانمىدى، مانا بۇ ھايات، مانا بۇ مەن. . .

* * *

سەگەك، ھوشيار كىشىلەر ئۈچۈن دەرەخ ئۈستىدىمۇ يول بار.

* * *

ئېتىقادلىق ئادەملەر ئۈچۈن مەغلۇپ بولۇش ئۇلار ئۈچۈن ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس.

*　*　*

مەن يېگانە روھ، مەن كۆيگەن روھ، قۇرۇغان روھ. . .
مەن توغراقلارغا سىڭىپ كەتتىم، ئېچىرقاپ كەتكەن قۇملۇققا سىڭىپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com

## ئاڭلا، مەن مۇنداق دەيمەن

سېنىڭ ماختىغىنىڭ چىرايلىق سۆز، چىرايلىق كۆز، گۈزەل خۇلق، گۈزەل ناز ـ كەرەشمە.

ئۇنىڭ ماختىغىنى پەقەت ئاددىي قەلب، ئاددىي قان. . . ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرىدىغان كۆز نېمىدېگەن ئۆتكۈر كۆز ـ ھە!

* * *

مېنى ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن. مېنى مەن ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن.

ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەس. دۇنيا ياخشى كۆرۈش بىلەن گۈزەل. ھايات ۋە تۇرمۇشمۇ ياخشى كۆرۈش بىلەن گۈزەل.

بىز ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسىلىرىمىز ھەم يەتمەكچى بولغان مەنزىللىرىمىز ياخشى كۆرۈش بەدىلىگە قولغا كېلىدۇ.

مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، پەرىشتەم، قۇشلار ناخشا ئېيتقان گۈزەل بوستانلىقلاردا ئەمەس، سېنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ۋۇجۇدى چاڭقاپ كەتكەن ئاشۇ مىسكىن باياۋانلاردا ياشىسام مەيلى.

دەريا ساھىللىرىدىكى مەرمەر تۈۋرۈكلۈك كۆركەم داچىلاردا ئەمەس، كۆل بويىدىكى ۋاپا ۋە مۇھەببەت قايناپ تۇرغان، ساداقەت ۋە مېھرىبانلىق تەبەسسۇم قىلغان ياغاچ كەپىدە ياشىسام مەيلى.

مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، جېنىم، ماڭا ئاقسۆڭەك بايۋەچچىلەر، ئەمەلدار بەگ تۆرىلەر تاماق يېگەن كۈمۈش قاچىلارنىڭ كېرىكى يوق. مەن ئاددىي بولسىمۇ ماڭا ئەبەدىيلىك بەخت شەربىتى ئاتا قىلالايدىغان ياغاچ قاچىلاردا سۇ ئىچىشكە رازى.

ماڭا خان ئوردىلىرىدىكى تەكەببۇر ۋەزىرلەر كىيگەن يىپەك توقۇلمىلىق رەڭدار لىباسلارنىڭ كېرىكى يوق. ماڭا پەقەت سىنىڭ ئايئاق بارماقلىرىڭنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن توقۇلغان ئاددىي ماتادىن تىكىلگەن يەكتەكلا بولسىلا مەيلى.

مېنى ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن.

ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى سىنىڭ بىــلەن سۈرۈش مېنىــڭ بەختىم.

تاڭنىڭ ئېتىشىنى سىنىڭ بىلەن كۈتۈۋېلىــش مېنىــڭ ئارزۇيۇم. نەچچە ئەسىرلــەردىن بېرى يــــتتــۈرۈپ قــويغــان ئەڭگۈشتەرىمنى سىنىڭ بىلەن ئىزدەپ تېپىش مېنىڭ ۋىجدانىم.

قولدىن كەتكەن بارلىق نەرسىلىرىمىزنى سىنىڭ بىلەن يەنە قولغا كەلتۈرۈش مېنىڭ تىلىكىم.

مېنى ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن. مېنـــى مەن ياخشـــى كۆرگەندەك ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن.

ھايات ماڭا قايغۇ ۋە ئەلەم كەلتۈرسىمۇ، مەن ئۇنى سۆيىمەن. مۇھەببەت ماڭا ياش ۋە ئازاب بەرسىمۇ، مەن ئۇنى سۆيىمەن. ھەقىقەت مېنى سەرسان - سەرگەردان قىلىۋەتسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

ھەسرەت ئۇلۇغ نەرسە. بىز نېمىنى ياخشى كۆرسەك، ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىمىز. ئەمما، بۇ خىل ياشاش ھەقىقىي ياشاشتۇر.

پاك مۇھەببىتىڭ بىلەن بەرگەن ھەممە نەرسەڭنـــى قوبۇل قىلىمەن. مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق. . .

* * *

ئۆزىنىڭ ئازابىنى ھېس قىلالــغان شائىـــر دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئازابىنى يازالايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*      *      *

بەزى چاغدا مۇزىكىمۇ كىشىلەرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

*      *      *

گۈزەللىكسىز ساپ ھايات، مەنىلىك تۇرمۇش بولمايدۇ.

*      *      *

دانا كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئۇلارنىڭ يېڭى بىر مۇۋەپپەقىيىتى.

*      *      *

سەن جىمىغۇر كىشى بىلەن سۆزلەشكەندە پۈتۈن خىيالىڭ ئۇنىڭ كۆزىدە بولسۇن.

*      *      *

ئادەمنىڭ كىچىك مەقسىتىمۇ ئۇلۇغ مەقسەت بولىدۇ.

*      *      *

تۆگىقۇشى ئاق قېيىن دەرىخىگە قونۇپ سايراۋاتقان سېرىق قۇشقاچقا قاراپ شۇنداق دېدى:
سەن نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە! شۇنچە كىچىك تۇرۇپ كۆكتە ئۇچالايسەن. . . بىراق مەن. . .

*　*　*

بىزنىڭ بۇگۈنكى بىپەرۋالىقىمىز، بەلكىم مەڭگۈلۈك ھالاكىتىمىزدۇر.

*　*　*

ئاچ قالغان چاغلىرىمدا ھايات، دۇنيا، تۇرمۇش ھەققىدە كۆپ تەپەككۇر قىلىمەن.

*　*　*

يۇكسەك كىشىلەر قارا قىسمەتنىڭ شىغىل ـ تاشلىرى ئەڭ كۆپ تېگىدىغان كىشىلەردۇر.

بىراق ئۇلار قىسمەتلەرگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ.

*　*　*

ھوقوق — دەرەخ سايىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ توختىماي يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

*　*　*

مۇيەسسەر بولمايدىغان نەرسە ئۈچۈن كۈرەش قىلما. ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىل.

*　*　*

دۈشمەنىنىڭ سائا يېلىنىپ يالۋۇرۇشى بۈيۈك غەلبەڭنىڭ قولغا كەلگەنلىكىدۇر. لېكىن، سەن ھەرگىز زوراۋان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تور بېكىتى ئادرېسى

قالما.

* * *

ئېتىقاد بار يەردە گۇناھ بولمايدۇ.

* * *

دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى چۈشەنگەن چېغىمىز قوۋناق ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىمىز.

* * *

ئادەملەرنىڭ كۆزىگە نۇر تولغاندا، دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە گۈزەل كۆرۈنىدۇ.
ئادەملەرنىڭ كۆزىگە قان تولغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە دۇنيا رەزىل كۆرۈنىدۇ.

* * *

ۋارقىراش، جارقىراش ياكى پوپوزا كىچىك بالىلارنى قورقۇتالىشى مۇمكىن. ئەمما، چەۋەندازلارنى قورقۇتالمايدۇ.

* * *

بەزىلەر ئادەمنى قۇياشقا سىمۋول قىلىدۇ. بىراق، ئادەم ھەممىگە ئوخشاش نۇر بېرىپ كەتمەيدۇ.
بەزىلەر ئادەمنى زېمىنغا ئوخشىتىدۇ. بىراق، ئادەم زېمىندەك ھەممىنى ئۆستۈرەلمەيدۇ.

* * *

مەن ئۆزۈمنى ھاقارەتلىغۇدىم، دۇنيا مېنى ھاقارەتلىدى. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم سۆيدۇم، دۇنيا مېنى سۆيدى.

* * *

ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى كېچىكىپ بىلگۈچى تۇرمىدىكىلەردۇر. ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگۈچى يەنە شۇ تۇرمىدىكىلەردۇر.

* * *

ۋىجدان — ھاياتنىڭ نۇرى، ئۇ خۇنۇكلەشسە، ھاياتنىڭ ئەرزىمەس نەرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

* * *

ئائىلىسى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشمايدىغان ئادەم يۇرتى ئۈچۈن ياش تۆكەرمۇ؟ يۇرتى ئۈچۈن ياش تۆكمىگەن ئادەم ۋەتىنى ئۈچۈن جان بېرەرمۇ؟ . . .

* * *

ئاددىي پۇقرا ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلايدۇ، ئالىم كىتابنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلايدۇ.

* * *

دۇنيانى تۇرلۇك - تۇمەن گۇناھلار ئاپىرىدە قىلغان، يەنە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

گۇناھلار يوق قىلىدۇ.

* * *

ھاياتنى كۆرۈڭ. . . قىتئەدىن قىتئەگە ئۆتۈڭ، دېڭىزدىن ئوكيانغا ئۈزۈڭ، دۆلەتتىن دۆلەتكە چۆكۈڭ، بۇ سىز ئۈچۈن ياخشى.

ئاخىرى شۇنى چۈشىنىڭ! ئانا يۇرتنى ئۇزاق ئويلاڭ، چوڭقۇر ئويلاڭ.

* * *

ئادەم يوق يەردە ياشىغان ھايۋانلار ئەڭ بەختلىك ھايۋانلاردۇر.

* * *

مېنى ئويغىنىشقا چاقىرغانلارنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. بەلكىم، ئۇلار ھەقىقەتكە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.

* * *

كىچىككىنە ياپراقنىڭ قەلبىگە پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورمانلىقلارنىڭ گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەن.

* * *

ۋۇجۇدىدىكى كېسەل بىلەن ئازابىنى باشقىلارغا ئەسلا چاندۇرمايدىغان ھەم ئۇنى يېڭەلەيدىغان ئادەم بۈيۈك ئادەمدۇر.

* * *

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ تىپتىنچ، ئۈنسىز، ئاۋازسىز ئېقىۋاتقان دەرياغا قارا، ئەنە شۇ ھايات.

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىغا چىق، توختىماي دولقۇنلاۋاتقان، گاھى پەسىيىپ، گاھى چۇقان سېلىۋاتقان دەرياغا قارا. ئەنە شۇنىڭ ئۆزى ھايات.

* * *

ئايال بىر گۈل ئىدى، ئۇنىڭ گۈزەللىككە تولغان ھاياتلىرى خادا تاشلارغا سوقۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى بارا ـ بارا يوقىلىشقا باشلىدى.

ئايال بىر تىكەن ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتتى.

* * *

كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئويغۇتالايدىغان گەپلەرنى بىلمىسەڭ، ياخشىسى سۈكۈت قىل.

* * *

مەن ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. بۇ مېنىڭ پەزىلىتىم.

* * *

غەلىبە مېۋىسىنىڭ جاپا دەرىخىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىمەن،

جاپا نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھە! ئەمما ئۇ قەھرىمانلار ئۈچۈن تولىمۇ شېرىن پەيت.

* * *

بىر تىلەمچى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بازار ئايلىنىپ نۇرغۇن پۇل تاپتى. ئۇ قولىدا تۇرغان پۇلغا قاراپ «مەن نېمىدېگەن ئىنساپسىز» دەپ پىچىرلاپ قويدى. چۈنكى، ئۇ تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

* * *

دېھقانلارغا زۇلۇم سېلىش دۆلەتنىڭ ئۆلىنى كولىغانلىق.

* * *

بايلىقنى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاتىيالمىساڭمۇ، يەپ ـ ئىچىپ تۇرمۇشۇڭنى، ئائىلەڭنى رازى قىل، بولمىسا ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيسەن.

* * *

ئادەم — كائىناتنىڭ ئۆزى، شۇنداقلا ئۇ تۇپراقتىكى كىچىككىنە گۈل ۋە تىكەندۇر.

* * *

قۇشلار ئەركىن دۇنيادىكى ئەركىن ھايات. ئۇنىڭ نە ۋەتىنى، نە چېگرىسى يوق. ئۇ خالىسا قانات قاقىدۇ، خالىسا قونىدۇ... بۇ نېمىدېگەن يۈكسەكلىك ـ ھە! ئەركىنلىك دېگەن ئەنە شۇ.

* * *

بېلىق تولىمۇ كەمتەر، تولىمۇ مۇلايىم جانىۋار، بىراق ئۇ گاچا. شۇڭا، ئۇ ئۆز ھاياتىنى خورلۇق، ئازاب ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. پاقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئەپسۇس ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قىزىقمايدۇ.

* * *

يىلان زەھەرلىك ھايۋان، ھەسەتخورلۇقنى شۇنىڭغا يېقىن دېسەك بولىدۇ.

* * *

چۈش ئۇيقۇ دەرىخىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك مېۋىسى.

* * *

نامەردلەر بەرگەن ئاشنا ئوغا بولىدۇ، باشقىلار كۆرسەتكەن يولنىڭ ئازگىلى بولىدۇ، ھەرھالدا ھوشيار بولايلى!

* * *

نائەھلى ئىپلاس ئادەملەرنىڭ ئائىلىسىگە كىرگەن قەلەندەرمۇ ئىزا تارتىپ قالىدۇ.

* * *

باللارنىڭ قەلبى بۇغداي مايسىلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پەرۋىش قىلىنمىسا يېگىلەپ قالىدۇ.

*   *   *

ئاتىلار ئۆيىقۇسى — بالىلار پاجىئەسى.
بالىلار پاجىئەسى — ئالەم پاجىئەسى.

*   *   *

خىرىستال قاچىدىكى ھەسەلنى يەۋاتقىنىڭدا، ئۇنى دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن كىچىككىنە جانىۋارنى ئەسلەپ قوي... ئۇ كىچىككىنە ھايۋان بولسىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۆز مۇھەببىتى ۋە ئەقىدىسىنى بەرگەندۇر.

*   *   *

ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچىۋاتقىنىڭدا ساپال قاچىدا سۇ ئىچىۋاتقانلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويما. ئەنە شۇ چاغدا دۇنيانى چۈشەنگەن بولىسەن. ھاياتنى سۆيگەن بولىسەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇچاغلىغان بولىسەن.

*   *   *

ھەقىقەتنىڭ بىر كۆزىدە ئوت چاقنىسا، يەنە بىر كۆزىدە نۇر جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ.

*   *   *

رىۋايەتلەرگە نەزەر سالىمەن.
ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىرتقۇچ بىر ھايۋاننى، يەنى بۆرىنى

«خۇدايىمىز» دەپ يۈرگىنىدىن خاۋاتىرلىنىمەن. بىر ئۆمۈر ھايۋاننىڭ كەينىدىن پاناھلىق تىلەپ يۈرگەن «قەھرىمان»نىڭ ئوغۇزخان ئىكەنلىكىنى ئويلىسام راستتىنلا كۈلگۈم كېلىدۇ.

*　*　*

كۈچلۈكلەرنىڭ يۈرىكى قانۇن ۋە سىياسەتتۇر. كۈچلۈكلەر شۇ يۈرەك ئارقىلىق ئۆزىنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئېرىشمەكچى بولغىنىغا ئاسانلا ئېرىشىدۇ.

*　*　*

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىزنى قۇتۇلدۇرسا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز. يېڭى مەدەنىيەت بىزنى قۇتۇلدۇرسا بىز ئۇنىڭغا يېپىشىمىز.

*　*　*

رەقىبكە ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى كۆزدىن يوقاتقىلى بولىدۇ.

*　*　*

قوشناڭنىڭ قەلبىنى ئاغرىتساڭ ئىشىكىڭنىڭ ئىلىنچىكى ساق تۇرمايدۇ.

*　*　*

مەيلى مەن نېمىگە قىزىقاي، ھامان بىر كۈنى شۇ نەرسىگە ئېرىشىمەن. چۈنكى، ھەر ئادەم نىيەت قىلغان نەرسىلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىرىشمەي قالمايدۇ.

* * *

ئادەمنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ چېقىلغانلىقى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تۈگىگەنلىكى ئەمەس، روھىنىڭ چېقىلغانلىقى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تۈگىگەنلىكىدۇر.

* * *

يىلاننىڭ ئاغزىدىن زەھەر تامىدۇ، مەيلى ئۇنىڭغا چېقىل ياكى ئۇنى ئۆيۈڭدە باق، ئۇ ساڭا زەھەر بېرىدۇ.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئېغىزىدىن ھەسەل تامىدۇ. ئۇنىڭغا چېقىلساڭ ئۇمۇ ساڭا زەھەر بېرىدۇ. بىراق ئۇنى ئاسرىساڭ ئۇ ساڭا ھەسەل بېرىدۇ.

ھەرھالدا كۆزۈڭنى ئېچىپ ياشا.

* * *

— مېنى ئۇخلاتمايۋاتقان نەرسە نېمە؟

— تەشنالىق.

— مېنى باياۋانلاردا يۈرۈشكە قىستاۋاتقان نەرسە نېمە؟

— تەشنالىق.

— مېنى جەڭگاھلارغا كىرىشكە، رەقىبلەرنىڭ بېشىنى كېسىشكە بۇيرۇۋاتقان نەرسە نېمە؟

— تەشنالىق.

مەن ساڭا تەشنا پەرىشتەم. سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە، پاك ھېسسىياتىڭغا تەشنا، ئەقىدەڭ ۋە ئەمگەكلىرىڭگە تەشنا.

خام خىياللىرىم ئاخىرلاشتى. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن باش

قاتۇرۇشتىن زېرىكتىم. قاۋاقخانىلاردىكى مەستلىك ۋە پەسلىكلەر بىلەن خوشلاشتىم. رېستورانلاردىكى مەزەڭلىك ۋە نەسلىكلەرنى تەرك ئەتتىم. يوقالسۇن ئاشۇنداق خۇشاللىقلار. ھەممە ۋاقتىمنى يىغماقتىمەن. ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرۇمنى يېڭىلىماقتىمەن، قەدەملىرىمنى ئىلگىرىلىتىۋاتىمەن.

يېڭى يول ئېچىلدى، يېڭى ھايات تىرىلدى، يېڭى كۈن پارلىدى. زالالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقتىم. مېنى يارىلاندۇرغان چىرايلىق سۆزلەرنى ئەمدى تىلغا ئالمايمەن. مېنى ئېزىقتۇرغان گۈلزارلىقلارغا ئەمدى كىرمەيمەن، نەپسىمنى بوغقان ھاۋالارنى ئەمدى سۈمۈرمەيمەن، يوقالسۇن شۇنداق خۇشاللىق.

مەن ساڭا تەشنا ئامرىقىم. سېنىڭ ئويغانغان كۈنلىرىڭنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. سېنىڭ سەرخىل گۈللەر ئىچىدە ئەركىن ـ ئازادە ئۇچۇپ يۈرگەن چىرايلىق كېپىنەكتەك شادلىق ناخشىسى ئېيتىشىڭنى كۈتىمەن.

سېنىڭ ئۆز ئاسمىنىڭدا يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۆز ئەركىڭ بىلەن پەرۋاز قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

كەلگىن، باھار، مېنىڭ ئۇسساپ كەتكەن تەشنا قەلبىم سېنىڭ زۇمرەت چەشمىلىرىڭ بىلەن قانسۇن!

كۈلگىن قۇياش، زۇلمەتلەردە تالاي ئەسىرلەر ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنىم سېنىڭ نۇرلىرىڭ بىلەن ئويغانسۇن.

مېنىڭ مەسۇم، سەبىي ۋاقتىم ئاخىرلاشتى.

* * *

بالىلار ئاپئاق رەختنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭغا كىم يۇقتۇرماي دېسەڭ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن قارا. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

مەن بىراۋدىن سورىدىم:

— ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يوشۇرۇن مەنبەسى قەيەردە؟

بىراۋ شۇنداق جاۋاب بەردى:

— جازا لاگېرىدا ئۇن ـ تىنسىز سۇكۇتكە پاتقان مەھبۇس قەلبىدە.

*   *   *

ناچار ئادەم يەر بېغىرلاپ يۈرگەن قۇرت، ئۇ كۈچلۈك تاپان ئاستىدا يانجىلىپ تۈگەيدۇ.

*   *   *

خەتەرلىك يول ئىنساننى چېنىقتۇرىدۇ.

*   *   *

غەلىبە هامان بىزگە مەنسۇپ دەيدىغان كىشىلەر ئالدىراپ ئۆلۈپ كېتەيدۇ.

*   *   *

كۆلنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتكىنىگە پاقىلار ياشىيالماي قالمايدۇ. بىراق، هالاكەت بىلىنىقا، ئاشۇ ياۋاش بېلىقلارغا بولىدۇ.

*   *   *

خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى تەمكىنلىك.

* * *

ئۆلۈم بورانلىرى ھەر ئائىلىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ.

* * *

دۇنيادا خەتەرلىك يول مەۋجۇت ئەمەس، خەتەرلىك ئادەم مەۋجۇت.

* * *

ئانىلار ۋە بالىلارنى يىغلىتىش زېمىن ۋە زېمىندىكى دەرەخلەرنى يىغلىتىشتۇر.

* * *

كۆچى يەتمىگەن ئادەمگە يالۋۇرغان ئادەم تولىمۇ بەختسىز ئادەمدۇر.

* * *

مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىككى كەلىمە سۆز بار: — بىزنى پەقەت مەرىپەتچىلىك قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

* * *

مېۋىلىك دەرەخ ئۇستۇۋېشىغا تېگىۋاتقان تاش ـ توقماقتىن ئىزا تارتىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئازاب باشقىلارنى گۆزىگە قىزىقتۇرالماسلىق، شۇنداقلا نام ـ نىشانسىز ئۆتۇش.

* * *

زېمىننىڭ تېرەن باغلىرىدا ئۆسۈپ قالغان يۇمران ئوت، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بىخارامان يۈرگەن كىچىك جانىۋارلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— ياپراقلىرىمنىڭ سىلەردەك دوستلۇرۇمغا ئازراق بولسىمۇ سايە بەرگىنىدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن.

* * *

مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

ئەي قۇم بارخانلىرىدەك ئۇيقىغا كەتكەن ئىنسانلار. . . قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن دەرەخلەر مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

ئەي دۇنيانى، ھاياتنى، ئالەمنى، زېمىننى كۆرمەس ئەمالار، ھايات، تۇرمۇش، ياشاش ھەققىدە سۆزلىيەلمەس گاچىلار. مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

ئەي سادالارغا، ئىزگۇ ناخشىلارغا قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگەن گاسلار، پۇتى تۇرۇپ ماڭالمايۋاتقان ئاقساق توكۇرلار، مەجرۇھ ـ چۇلاقلار، مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

زامان، ماكان تەقەززا بولۇپ تۇرغان بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتكە چاقىرىمەن. بۇ ھەقىقەت ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا

تۆزلەڭلىككە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى ياكى ئاتىللانىڭ ياۋروپاغا رەھىمسىزلەرچە قىلغان جازا ئۇرۇشى ئەمەس. بۇ بىر بۈيۈك ھەقىقەت بىلگىنكى، مېنىڭ چاقىرىق قىلغان ھەقىقىتىم ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىسلاھ قىلىش مۇھەببىتى، روھتىكى پاسكىنىچىلىقنى تازىلاش ھەقىقىتى.

مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

ئەي جىمجىت ئاۋاز، ئەي يىغلاڭغۇ ئادەملەر، مەن سىلەرنى مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىمەن.

* * *

كېچە قاراڭغۇلۇقى ۋە كۈندۈز يورۇقلۇقىغا چەكسىز سىرلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ سىرلار ئادەملەرنىڭ تىللىرى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ.

* * *

بىر مۆمىن ياكى بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى رەنجىتىپ قويۇشى، شەك ـ شۈبھىسىزكى ئاللاھنى رەنجىتىپ قويغانلىق.

* * *

ئىنسان تولىمۇ ئاجىز مەخلوق بولغاچقا ئۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل دېگەن ئېتىقادىمۇ بىر كۈنى ئاجىزلاپ كېتىشى مۇمكىن.

* * *

قوشناڭنىڭ كۆلكىسى چوقۇم سېنىڭ كۆلكەڭدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

دۇنيادىكى ئەڭبۈيۈك ۋەدە قەھرىمانلار بىلەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋەدىسىدۇر.

* * *

تولا گەپ قىلىش ناتىقلىق ئەمەس، بەلكى بىزەڭلىك تىتىقسىزلىق ۋە مەنمەنچىلىك.

* * *

دۇنيادا ئاجىزلارنىڭ دوستى بولمايدۇ. پەقەت غالىبلارنىڭ دوستى بولىدۇ.

* * *

قەپەس ئادەملەر ئۈچۈن قورقۇنۇچلۇق تۈرمە ئەمەس. بىراق، ئۇ يەردە قۇشىنىڭ ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي بوغۇچلانغان.

* * *

ھەر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭ سۆز - ھەركىتى ئىچىدە ئاشكارا بولىدۇ.

* * *

بۇلغانغان سۇ، تۇپراق، ھاۋا يىغىلىنىش ۋە ئۆتۈنۈش ئىچىدە قىرىنىدىشى ئۆتتىن ياردەم سورىدى.
ئوت خورلۇق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى،

قېرىنداشلىرىغا ئېيتالمىدى.

* * *

ئۆز نادانلىقى ئۈستىدىن غالىب كەلمىگەن ئەلنى زاۋاللىق ۋە خورلۇق باسىدۇ.

* * *

ئەڭ كۆچلۈك، ئەڭ ئىشەنچلىك ئەخلاق دىنىنىڭ قەلبىدىن تۆكۈلگەن ئەخلاقتۇر.

* * *

ئىنسان بۈيۈك مەۋجۇدىيەت، ئۇنىڭ كامالەت بەلگىسى روھتىن تۇغۇلىدۇ.

* * *

روھ قانچىكى يۈكسەك بولسا، تەن شۇنچە جەزبدار ھەم كۆركەم بولىدۇ.

* * *

ئات سېنى مەنزىلگە باشلاپ بارمايدۇ. پەقەت سېنىڭ ئىرادەڭ ۋە روھىڭ باشلاپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يىراقتىكى ئاۋاز

قىزنىڭ بىر كۆزىدە گۈزەللىك جىلۋە قىلسا، يەنە بىر كۆزىدە رەزىللىك نۇر چاچىدۇ.

*　*　*

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى سۆيگەن ئانىدۇر.

*　*　*

قەلبىڭدە رەزىللىك بولسا، ئۇنى ھامان كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىسەن.
قەلبىڭدە گۈزەللىك بولسا، كىشىلەرگە ئۆزۈڭ ئاشكارا قىلىسەن.

*　*　*

دېھقاننىڭ قەلبى بالىلارنىڭ قەلبى. بالىلارنىڭ قەلبىگە تەبىئەتنىڭ قەلبىدەك پاكىز گۈزەللىك يوشۇرۇنغان.

*　*　*

شەھەردىكى ئەخلاق چىرىگەن، خۇنۇك ئەخلاق، سەھرادىكى ئەخلاق پاكىز، ساغلام ئەخلاق. مانا بۇ سەن كۆرگەن ئەخلاق.

*   *   *

ئاياللار مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولسا ئازاب چېكىدۇ. باللار مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولسا ھالاك بولىدۇ.

*   *   *

ئىنسان ئۆز سېپىلى ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇ ئەبەدىل ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

*   *   *

نېمە ئۈچۈن تۆرەلدىم؟ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن؟ مەقسەت نىشانىم قەيەردە؟ غايەم، ئىرادەم نېمە؟ مەن شۇ خىياللار ئىچىدە توختىماي يول يۈرۈۋاتىمەن. ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك ھاياتلىق يولۇمدا قىسمەت ماڭا ھەمراھ. مەن ئاشۇ قىسمەتلەر ئىچىدە روھىمنى تاۋلاپ كېتىۋاتىمەن.

كېتىۋاتىمەن، دۇنيا كىچىك بىر ئارال. مەن شۇ ئارالنىڭ تار، چىغىر يوللىرىدا كېتىۋاتىمەن.

ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقان نەرسە روھ. ماڭا كۈچ بېرىۋاتقان نەرسە پەقەت ئىرادە.

ھەيران قالما، كۈلمە، مەسخىرە قىلما! مېنىڭ ئارزۇ قىلغان مەنزىلىمگە يېتىپ بېرىشقا گۇمان قىلما! مەن ھامان غەلىبە قىلىمەن. يولنى ئۇزۇن، جاپالىق باسقانسېرى، ئېرىشىدىغان شادلىقمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

مانا بۇ كۆرۈنگەن تاغ مېنىڭ تىغىم، ئۇ ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان باغ مېنىڭ بېغىم.

www.uyghurkitap.com

* * *

شەھەردە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان، ئەڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان نەرسە ئاياللار. بىراق، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتتى سۇنئىي گۈل كەبى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئىنسان زېمىنگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن تالاي خاپىلىقلار بىلەن تالاي شادلىقلارغا كۆنۈپ قالغان.

* * *

مەن زېمىنگە قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇ سۈكۈت ئىچىدە جىم تۇردى. مەن دەرياغا قول ئۇزارتتىم. ئۇمۇ گەپ قىلمىدى. مەن ئاسمانغا قول سۇندۇم. ئاسماندىن سادا كەلمىدى. شۇنداق ئەپسۇسلاندىم، ئۇلارنىڭ ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كەتكەندى.

* * *

دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ گۈزەل ناخشىلىرى دەرەخ غولىنى خۇشال قىلدى. بىراق، دەرەخ يىلتىزى چەكسىز قايغۇغا چۆكتى.

* * *

ئىپپەت — قىزلارنىڭ جەننىتى.

* * *

— ياخشى ئايالنىڭ دۇنيا توغرىسىدا قىلغان خىيالى —

ئاددىي ـ ساددا ياشاش، بالىلارنى ئەقىللىق، ئىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەش.

ناچار ئايالنىڭ خىيالى مەئىشەت، پەقەت مەئىشەت. . .

* * *

بىز يوقاتقان ئەڭگۈشتەرلىرىمىز ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇرىمىز. نېمىسلار، ئىنگلىزلار، فرانسۇسلار قولىدىكى ئەڭگۈشتەرى ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ.

* * *

نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن پەرىشتەم.

مۇھەببەتنى، سۆيگۈنى، ھەقىقىي ئىنسانلىقنى، مېھىر ـ شەپقەتنى، ئالىيجاناب پەزىلەتنى.

نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن، ئەزىزىم، كەلگۈسىنى، كامالەتنى، مۆتىۋەرلىكنى، پاراۋانلىق ياشاشنى.

نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن، ئومىقىم، ئېتىقادنى، روھنى، ئىرادىنى، ئارزۇنى، ئەقىدىنى، ئەركىنلىكنى.

پەرىشتەم، مەنمۇ سەن ئويلىغاننى ئويلاۋاتىمەن. .

* * *

ئادىل پادىشاھ ھەققانىيەت، ئادالەت، ئۇلۇغلۇق ۋە غايىنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت غۇۋا سايىسى.

www.uyghurkitap.com

* * *

خەلق ئامىسىغا زۇلۇم، ئىنسانىيەتكە جەبىر كەلتۈرىدىغان قانۇن ۋە سىياسەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

* * *

قۇياش ئەبەدىي يىغلاپ باققان ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىر ئۇلۇغ ئوت بىر ئۇلۇغ ئەر. دۇنيادا پەقەت ھەقىقى ئەركەك بىلەن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتلا يىغلىمايدۇ.

* * *

قەلبىڭدە چۇقان بولمىسا، ھاياتىڭنى كۈيە يەيدۇ.

* * *

ئىككى زاھىد مەسچىتكە كىرىپ، پەرھىز نامىزىنى ئادا قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى:

— ئىھ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئەل - يۇرۇتتا ئىنساپ قالمىدى. ئىنسانلاردا مېھىر - شەپقەت، شەرم - ھايا كۆتۈرۈلدى. ئاتا بالىنى، بالا ئاتىنى ئۇنۇتتى. تەبىرىقچىلىق زېمىنغا ئىتتەك تارالدى. ئىنسانلار قەلبىدىن مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ، ئىشقۋازلىق كۆككە يەتتى. روھ، ئىرادە زەئىپلەشتى. ئەرلەر ئەرلىكىنى يوقاتتى. ئىھ رەقىبىم قۇدرىتىڭنى ئىشقا سېلىپ، بۇ تۇپراقنى گۇمران قىلساڭ، زېمىن پاكلاشسا — دەپ دۇئا قىلدى.

يەنە بىر زاھىدمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئىھ، كەرەمى كەڭ، قۇدرىتى چەكسىز باشپاناھىم، يۇرتتا

ئىنساپ، ئېھسانىنىڭ يىگىلەپ قالغىنى راست، ئۇلارنى گۇمران قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە، ئەگكىلى بولىدۇ. پېقىر گۇناھكار بەندىلىرى شۇنى ئۆتۈنىدۇ: يۇرتىمىزغا پاك ئىمان، ۋىجدان، دىيانەت بەرگەيلا، ئاشۇ كەمبەغەل ئەرلەرنى لامزەللىكتىن، خاپىلىقتىن ساقلىغايلا.

ئۇلارنىڭ بىچىرىم بەدىنىدە قۇرۇپ، سېسىپ كېتىۋاتقان كۆچنى ھالال ئىشلىتىشكە جۇرئەت ئەيلىگەيلا. . .

جانابى ھەق ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، چەكسىز سۈكۈتكە پاتتى. ئۇ: مېنىڭ ئارغامچام تولىمۇ ئۇزۇن دەپ پىچىرلىدى.

* * *

قوشناڭ ياخشى بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئاغرىنما، پەقەت ئۇنىڭغا ياخشىلىق ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەر.

* * *

تەمە — ئاخىرقى ھېسابتا قۇرۇپ قالغان دەرەخ.

* * *

كونا گەپلەر، يوغان گەپلەر، پۇچەك گەپلەر باش كۆتۈرگەن شەھەردە ئارزۇ ــ ئىرادە، غايىنىڭ قانىتى سۇنغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياساپ چىققان دوۋزاخ ئىچىدە ئاستا ــ ئاستا كۆلگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ئىنساننىڭ نۇرى — ئۇنىڭ پەزىلىتى.

* * *

— ئايال ـ قىزلارنىڭ گۈزەللىكى قەيەردە؟
— ئىپپەت ھاياسىدا نومۇس قەسرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە.

* * *

بۆغا بۆغىنى يېمەيدۇ، قوي قوينى يېمەيدۇ. بىراق، شىر شىرنى، بۆرە بۆرىنى يەيدۇ.
ياۋۇزلار ئۆزىگىمۇ رەھىم قىلمايدۇ.

* * *

بۈركۈتنىڭ ئوك قانىتى روھ، سول قانىتى ئىرادە.

* * *

كىچىك قولۋاق تىنىمسىز ئېقىۋاتقان دەرياغا «مەن سېنىڭ پەرزەنتىڭ» دېدى. دەريا ئويلىنىپ قالدى.

* * *

ئىشقۋازلىق چېچەك ئاچقان يەردە مۇھەببەت بولمايدۇ.

*   *   *

جىسمانىي جەھەتتىكى گاس ـ گاچىلار سۆزلىيەلمەيدۇ ھەم ئاڭلىيالمايدۇ. بىراق، ئۇلار زېمىن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە ئاۋازىنى چۈشىنىدۇ.

*   *   *

ھەسەت قەلبنىڭ قان ـ يىرىڭى.
مۇھەببەت قەلبنىڭ نۇرى.

*   *   *

پەرزەنت — تەشتەكتىكى گۈل. ئۇنى بىز ئەڭ پاك، ئىسسىق قېنىمىز ۋە ئەڭ ياخشى نېرۋا سۈيۈقلۇقىمىز بىلەن سۇغۇرۇپ ئەي قىلالمساق، ئۇ دەرەخ سايىسىدە ئۆسكەن ھەشقىپىچەككە ئوخشاش يىگىلەپ قالىدۇ.

*   *   *

ئىنسان ۋۇجۇدىدا تۇۋرۇك بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ئىرادە ھەم ئېتىقادتۇر.

*   *   *

شېئىر — زېمىننىڭ ئاچچىق كۆز يېشى. شېئىر — قىزنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى. شېئىر — گۈلنىڭ شىۋىرلىشى. شېئىر — قۇشنىڭ ئۇنلۇك تىنىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

*　*　*

كىشىلىك ھاياتتا، نادانلىقتىن ئارتۇق قىيامەت بولماس.

*　*　*

كور ئادەم يولدىن ئېزىپ قالسا، توغرا يولغا باشلاپ قوي. ساق ئادەم يولدىن ئېزىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ توغرا يونى كۆرسىتىپ بەر مانا بۇ سېنىڭ گۈزەل ئەخلاقىڭ.

*　*　*

شائىر — زاماننىڭ تىلى.

*　*　*

ئالەمنىڭ قىيامىتى ئايال قەۋمىنىڭ ۋۇجۇت دۇنياسىدىن كۆتۈرۈلگەن پاسكىنا ئىس ـ تۈتەكلىرى بىلەن باشلىنىدۇ.

*　*　*

سۇبھى سۈزۈلۈشكە باشلىدى، سەھەرنىڭ سالقىن، نەم ھاۋاسى زېمىننىڭ قۇرغاق يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، كەندىر ـ كېۋەزلەرنىڭ تىرەن قەلبىگە شۇڭغۇپ كىردى. چىش يېرىپ ئېچىلىشقا باشلىغان كېۋەزلەر قەلبىنى كۈچلۈك لەرزىگە سالغان شامالغا قاراپ تازىم قىلدى. سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتكەن قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىدىن ئۇچۇپ كەلدى. ئۇلار كەندىر ـ كېۋەز شاخلىرى ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، قېرى سۆگەتكە كېلىپ قوندى. ئۇلار زېمىننىڭ چوڭقۇر يېرىدىن نەپەس ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئۇلار خېلى ھازاغىچە

جىمجىت تۇردى.

قۇياش كۆتۈرۈلدى. قۇشلار خۇددى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى. ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان زاراڭزا چېچەكلىرى مۇڭلۇق ناخشا ئىچىدە مەست بولدى.

قۇشلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

كېۋەز ــ كەندىرلەر، زاراڭزا چېچەكلىرى قۇشلارنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلدى. قۇشلار ئىككىنچى رەت قايتىپ كەلمىدى. بىراق مەيىن شامال ھەر سەھەردە ئۇلارنى سۆيۈپ تۇردى.

* * *

قەپەستىكى قۇش دەرەخ شېخىغا قونۇپ سايراۋاتقان قۇشتىن سورىدى:

— مەن قايسى يولنى تۇتسام، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن.

دەرەختىكى قۇش مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەركىن ياشاشقا يول قويمايۋاتقانلار بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ ئېلىشقان ۋاقتىڭدا ئاندىن ئۇ زۇلمەت قەپىزىدىن قۇتۇلىسەن.

* * *

ئۈستى ــ بېشى كىر ــ قاسماق بېسىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك بار دېسە ئىشىنىڭلار.

خان ــ شاھلاردەك كىيىنىۋالغان ئادەمنىڭ قەلبىدە رەزىللىك، پەسكەشلىك، ساختىلىق يوق دېسە ئىشەنمەڭلار.

ئادەمنىڭ دۇنياسى ئۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

روھنى خورىتىدىغان چىرىندىلەر ئىچىدىكى ئەڭ پاسكىنىسى چىرىندە يالغانچىلىق، پەقەت يالغانچىلىق.

* * *

دۇنيا دەرىخى نۇر ۋە سايە ئىچىدە كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ھايات دەرىخىمۇ دەل دۇنيا دەرىخىگە ئوخشايدۇ.

* * *

ياخشىلىق — قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ.

* * *

ئىس ـ تۈتەك قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغىنىغا مەيۈسلىنىپ كەتتى. قۇياش نۇرى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلانمىدى. ئەكسىچە، تېخىمۇ كۈچىدى، جەزبە قىلىشقا باشلىدى.

* * *

دۇنيانىڭ نەپسلىكى ئىنساننىڭ روھ نەپسلىكى بىلەن تەن نەپسلىكىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت.

* * *

مەن گۈزەل بىر ئۆلۈمنى ئىزدەيمەن. ئۇ قورقۇمسىز، مۇرۇۋۋەت ئىگىلىرى مۇيەسسەر بولىدىغان ئۆلۈم.
مەن گۈزەل بىر ئۆلۈمنى ئىزدەيمەن. ئۇ ئىنسان ھوقۇقى

ئۈچۈن قۇربان بېرىش، بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا ئۆزىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش كۈرىشىدىكى ئۆلۈم.

مەن گۈزەل بىر ئۆلۈمنى ئىزدەيمەن. سىلەرمۇ شۇنداق ئۆلۈمنى ئىزدەڭلار.

*　*　*

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ روھى، بۈيۈك ئېتىقادى ھەم ئىمانى يوقالغاندا ئۇ ئىنسان ھالاك بولىدۇ.

*　*　*

زۇلۇمنى كۆرىدىغان كۆزۈڭ بار بولسا، زۇلۇمنى سۆزلەيدىغان تىلىڭمۇ بولسۇن.

*　*　*

ئۆمۈچۈك تورلىرى ھاياتنىڭ ئۆزى، ئۆمۈچۈك ئادەمنىڭ ئۆزى.

*　*　*

مىسكىنلىك ۋە گۇمرانلىقتا تولغان قۇشلار ئېچىرقاپ، ھالىدىن كەتكەن قۇملۇقنىڭ چاك ـ چاك قەلبىدۇر. ئۇنىڭ ئۆز يېنىدا دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە ماغدۇرى يەتمەيدۇ. قۇشلار ئۆزىنىڭ يېشىل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

گېرمانىيە پەيلاسوپى نېترى شۇنداق ئادەم:

ئۇ، هاسا ـ تاياقسىز ماڭالمايدىغان، قاتتىق تايىنىپ كېتىۋاتقان توكۇرنى كۆرسە هاسا ـ تاياقنى تارتىۋالىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟

— دۇنيادا هاسا بولغاچقىلا توكۇرلار كېلىپ چىققان. سىلەر توكۇرلارنىڭ هاسىسىنى تارتىۋالساڭلار، شۇ چاغدا ئۇلاردا ساغلام پۇت كۆكلەپ چىقىدۇ

لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە ساق ئادەملەرمۇ هاسا بولمىسا تۇزۇك ماڭالمايدۇ...

* * *

هوقۇقىنىڭ يىگىلەپ قالغان مېۋىلىرىنى تەمە قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەر نېمىدېگەن بىچارە ئادەملەر ـ هە!

مەن ئاشۇنداقلارنىڭ هالىغا ئېچىنىمەن.

* * *

زامانغا تەۋەككۇل قىل، بەخت ۋە تەختىڭنى ئۆز ئالىقىنىڭدىن ئىزدە.

* * *

بىراۋ مېنىڭدىن گۇناھ دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «گۇناھ دېگەن هورۇنلۇق» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

* * *

ھاياتنىڭ قىممىتى بىزنىڭ سۆيۈشىمىزدە.

* * *

نەپسىگۈيلۈق — قىيامەتنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى.

* * *

مەن ئۆيقۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. پەقەت غەپلەت ئۇيقۇسىلا شۇنداق قورقۇنچلۇق.

* * *

ئۆچۈۋاتقان قوقاستىن ئوت لاۋۇلدىمايدۇ. غۇرۇرى چىرىپ قالغان ئادەمدىنمۇ زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

* * *

قەھرىمانىنىڭ قىلىچى خەلقنىڭ كۆز يېشىدا سۇغۇرۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى دات باسمايدۇ.

* * *

بېشى كېتىشتىن قورقمايدىغان ئالىم ئۆزى ياشىغان دەۋر ھەققىدە ساختا سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ھەقىقىي تارىخنىلا يازىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئەڭ قەيسەر ئادەم بوگۇن ئوچۇن بارلىقىنى ئاتىغان ئادەمدۇر.

* * *

مەن ئۆزۈم ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇربان بېرىشىم كېرەك ئىكەن. مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى.

* * *

ئائىلەڭ ھەققىدە ئۆيۈڭدە خىيال قىل. دۇنيا ھەققىدە كوچىدا خىيال قىل.

* * *

سېنى نابۇت قىلىدىغىنى دوست ياكى دۈشمىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ.

* * *

سەن دۇنيانىڭ يېتىملىكى ھەققىدە ئەمەس، پەقەت دۇنيانىڭ يېتىم بالىلىرى ھەققىدە سۆزلىگىن. شۇ چاغدا سەن ھەقىقىي پەيلاسوپ بولالايسەن.

* * *

دۈشمەننىڭ خەنجىرى تېنىڭگە كىرىدۇ، دوستۇڭنىڭ خەنجىرى روھىڭغا كىرىدۇ.

* * *

سەن ئۆيۈڭگە ساق ـ سالامەت يېتىپ باراي دېسەڭ، ئالدىڭغىلا قاراپ ماڭ. . . ئوڭ، سول ياكى ئارقاڭغا قارىساڭ تەبىئىيلا پۇتلىكاشاڭغا يولۇقىسەن.

* * *

ھالاكەتكە يولۇققۇچى ئادەم ھالاكىتى ھەققىدە ئويلانغاندا، ئۇ چوقۇم يېڭى بىر مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتىدۇ.

* * *

ھەقىقەت ئۆزىنىڭ قارشى قىرغىنچىغا پىچىرلىدى: «سەن بولمىساڭ مەنمۇ باش كۆتۈرمەيتتىم.»

* * *

ئانا قاغا كەپتەر باچكىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دېدى:
— مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولىمەن. كەپتەر باچكىلىرى بۇ كالامپاي، پۇتۇن ئەزالىرىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان غەلىتە مەخلۇققا قاراپ كۆلۈشۈپ كەتتى.

* * *

دەۋاگىرى يوق خەلقنىڭ مەڭگۈ چىقىش يولى بولمايدۇ.

* * *

بىھۇشنى تىللاپ ئويغىتىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئۇنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەزلەپ ئويغىتىشقىلا بولىدۇ.

* * *

مۆڭ، مۆرىمەس ئادەمنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئەڭ كۈچلۈك سادا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

* * *

ئۆزىمىزنى تونۇش ئۆزىمىزنى قۇتقۇزغىنىمىز.

* * *

ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە باشقىلاردىن رەنجىگەن ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەق، ئەڭ نادان ئادەمدۇر. بىزنىڭ نادانلىقىمىز دەل مۇشۇ يەردە.

* * *

ئاز ئوقۇ، كۆپ مۇلاھىزە، تەپەككۇر قىل. ئاز يە، كۆپ ھەرىكەت قىل.
ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا. ئاز ئۇخلا، كۆپ ئويلا. . . ئەنە شۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ دۇنيارىڭغا مۇيەسسەر بولالايسەن.

* * *

يولنى كۆپ ماڭغانلاردىن ئەمەس، بىلىپ ماڭغانلاردىن سورا.

*   *   *

يېڭىچە مەدەنىيەت ئويغاق خەلقنىڭ مەدەنىيىتى. ئۇنىڭ ۋارىسى يەنە شۇ ئويغاق ئەۋلادتۇر.

*   *   *

مەن ئالىقىنىمدىكى بىر ئوچۇم قۇمدىن ئۆز روھىمنى كۆردۇم. ئاشۇ قاقاس قۇم دەل مېنىڭ روھىمدۇر.

*   *   *

ناخشا ياڭراپ تۇرغان يەردە كىشىلەر ئۇخلاپ قالمايدۇ. ئويغاق ئادەملەر بار جايدا تەپەككۇر قاناتلىنىدۇ.

*   *   *

روھ تەنگە شۇنداق دېدى:

— ئەي مېنىڭ قاراڭغۇ ئۇچقۇر ئىتىم، مېنىڭ چەۋەنداز ۋاقتىمدا كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىۋال. مەنمۇ بىر ۋاقىتلاردا سولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

تەن مەنزىلگە ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

*   *   *

ئىپسىل زىبۇ زىننەت، ئالىي كىيىم ـ كېچەك گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس. ئىنسان گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى — شەرمى ھايا، ئىپپەت ـ نومۇستىن ئىبارەت. مانا بۇ ئەر ـ ئايال گۈزەللىكىنىڭ بالاغىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

قەلبىدە ھەسەت ۋە زۇلۇم بار ئادەمنىڭ ھاياتلىق يولىدا گۈزەللىك بولمايدۇ.

* * *

مەن دوست بىلەن دۈشمەننى ھەقىقىي كۆز بىلەن كۆرۈپ پەرق ئېتىمەن.

* * *

ناھەقچىلىككە كۆز يۇمۇۋالغانلار، دوزاخقا قاراپ ماڭغانلاردۇر.

* * *

تەكلىماكان ئۇچۇۋاتقان روھ.

* * *

بۇقا ئۆز مۈڭگۈزىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بىراق، ئۇ يىل بويى ساپاندىن چىقمايدۇ.

* * *

تەڭرىگە ھەقىقىي يېقىنلاشقان ئادەمدە ئىنسانىيەتكە چەكسىز مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت تولۇپ تاشقان بولىدۇ.

* * *

ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ خورلۇقى دۇنيانىڭ ھالاكىتى.

* * *

كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخ بول. قۇرۇپ قالغان دەرەخ بولما.

* * *

ھاياتلىقتا تۇنۇگۇن ۋە ئەتە دېگەن سۆز يوق، ھاياتلىق تالاي بۇگۇندىن قۇرۇلغان.

* * *

كىچىك بولسىمۇ يىتتۇرگەن نەرسىلەرگە پەرۋا قىلماسلىق ھالاكەتنىڭ باشلىنىشى.

* * *

باياۋاندىكى ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىكنىڭ سايىسىدە يول تاپىدۇ.

* * *

گېرمان مىللىتى باشقىلاردىن خەير ـ ساخاۋەت كۇتۇشكە ئىنتايىن ئۆچ. ئۇلار باشقىلاردىن تەمە قىلىپ باقمىدى. مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمگە قاراپ يىغلىغۇم كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قۇتۇلغىن تەشۋىشلىرىڭدىن

ئادەمنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس. ئۇنىڭغا بىر قارىساڭ، لاي ـ لاتقا. بىر قارىساڭ يېشىل ۋادىغا ئوخشايدۇ. ھازىر ئەركىن قۇشلار پەرۋاز ئەيلىسە، ھېلى ياۋايى ھايۋانلار قۇترايدۇ.

* * *

كۆچلۈك ئاپتاپتا سوۋۇپ كەتكەن يۈرەك مېنىڭ يۈرىكىم. زېمىستاندا سوقۇپ ئوت يېنىپ يۈرگەن يۈرەك ئالغا كېتىۋاتقانلارنىڭ يۈرىكى.

* * *

شەھەر بالىلىرى مېۋىنى ئەمەس، مېۋە شېخىنى يەيدۇ. سەھرا بالىلىرى ھەقىقىي مېۋىسىنى يەيدۇ.

* * *

تار، كىچىك بولسىمۇ، ئۆز ئۆيۈمنىڭ بولغىنىغا يەتمەيدۇ. چۈنكى مەن ئۆز ئۆيۈمدە بىمالال ھەرىكەت ئېلىپ بارالايمەن.

* * *

ئۆز دۇنياسىدا خاسلىق ياراتقان ئادەم تاكامۇللاشقان ئادەمدۇر.

* * *

ئىرادە ھاياتنىڭ يۈرىكى. ئەگەر ئۇ بولمايدىكەن ھايات بولمايدۇ.

* * *

تۆمۈر تۇمشۇق دەرەختىكى قۇرتنى يەيدۇ. ھەقىقىي يازغۇچى ئادەملەرنىڭ روھىغا چۈشكەن قۇرتلارنى يەيدۇ.

* * *

شەيئىلەرگە جان بەرگەن ئادەم ھۆرمەتلىك ئادەمدۇر.

* * *

تاغلارنى نېمە تىترىتەر؟

— ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئاھ - زارى تىترىتەر.

* * *

ھەقىقەتنى ھەقىقىي سۆيگەنلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەردۇر.

* * *

يىلاننىڭ چەكسىز غەزىپى بار. بىراق ئۇ تولىمۇ مېھرىبان ھەم سەۋر قىلغۇچى.

* * *

خۇداغا يېقىن ئادەم مۇھەببەتلىك ئادەمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*　*　*

خۇدا يازغان تۇنجى شېئىر — مۇھەببەت. بۇ ئادەمدۇر.

*　*　*

ئىنساننىڭ تۇتەك ئاسمىنى، قەلبىدە پارلاۋاتقان ئىززگۇ يۇلتۇزلارنى توسۇۋالدى. ئادەملەر بۇ تراگېدىيىنى بىلمەي قالدى.

*　*　*

ياخشى شېئىر خورلانغان ۋاقتىمىزدا ئاپىرىدە بولىدۇ.

*　*　*

ئىسراپ قىلىنىۋاتقان ئاشلىق تۈگەۋاتقان بايلىق.

*　*　*

دەھشەتلىك يانغىن، شىددەتلىك قىيان، تەلۋە بوران، باياۋاندىكى توغراقنىڭ روھى.

*　*　*

يىرتقۇچلارنىڭ قۇترىشى مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇ ئۆزى ھەيدەۋاتقان ياۋۇزلۇق كېمىسى بىلەنلا خادا تاشقا ئۇرۇلىدۇ.

*　*　*

ھەر نەرسىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنى بولىدۇ. ھاۋانىڭ،

چاقماقنىڭ، دەريانىڭ، توپراقنىڭ، شۇنداقلا ھەممە ـ ھەممىنىڭ. . .

قەلب پەقەت ئىنسانىنىڭ قەلبىدىن كەلگەن سادالا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكتۇر.

* * *

زېمىن چۈقان ـ سۈرەنلەردىن خالىي بولغان چاغ. يىراقتىكى قارلىق چوققىدىن كەلگەن سەلكىن شامال كەچ كۈزنىڭ سەرگەردان يوپۇرماقلىرىنى ئانا تېنىدىن جۇدا قىلىپ، دۈۋە ـ دۈۋە قۇم بارخانلىرىغا سۈرگۈن قىلاتتى.

بىر كۆلەڭگە زېمىندىكى ئەڭ قويۇق ئورمانزارلىقتىكى «بەخت قەسرى» دىن يىراقتىكى دەريا ساھىلىغا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرى شۇنچە ئاستا ئىدى. ئۇ ئۆزى كۆزلىگەن قەدىمىي بىر دەرياغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۇزاق سۈكۈت قىلدى. دەريا ئاستا ئۈنسىز ئاقماقتا. كۆلەڭگە يىغلاشنى يا كۈلۈشنى بىلمىگەن بۇ شاۋقۇنسىز دەرياغا قارىتىپ ھارماي چالما ئاتتى. . . ئۇنىڭ چالمىسى دەريادا يېگى سادالارنى ئاپىرىدە قىلدى.

* * *

سىرلىق كۈھىقاپ، ئۇ بوران ئىگىسى. مەن ئاشۇ سىرلىق كوھىقاپ بولۇشنى خالايمەن.

* * *

ئاللىبىر كىمنى سېغىنىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دىلخانىسىگە مېنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ قۇدرەتلىك يۈرىكىمنى ئاستا ئوغرىلاپ سېلىۋالغان.

مەن يۈرىكىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئاشۇ ساھىبجامال «ئوغرى»نى كېچە ـ كېچىلەپ سېغىنىمەن.

ئاللىبىرىكىمنى سېغىنىمەن. ئۇنى سېغىنغانسېرى، شۇنچە ئازابلىنىۋاتىمەن.

ئاھ، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشمەك نەقەدەر جاپالىق ـ ھە!

* * *

زېمىندىكى بۇ سانسىزلىغان قۇملار قۇياشنىڭ پاساھەتلىك نۇرىدا كۆكىرىۋاتقان بارلىق ھاياتلىقنىڭ جىنايەتچىلىرىدۇر.

* * *

مەن ھېچنېمە قىلماي جىم ئولتۇرغانلارغا نەپرەتلىك كۆزۈمدە قارايمەن. ماڭغان ھەم مېڭىش ئالدىدىكىلەرگە شادلىق ھېسلىرى تولغان قەلبىمدىن ئاق يول تىلەيمەن. چۈنكى ئۇلار يۈكسەك كىشىلەردىندۇر.

* * *

مەن شاۋقۇنسىز دەرياغا قاراپ: سەن بىر ئۆمۈر ناخشا ئېيتىپ ھارمايدىغان، بىر ئۆمۈر ھەرىكەت قىلىپ تالمايدىغان دولقۇنلۇق دەريانى كۆرۈپ باققانمىدىڭ، دېدىم. ئۇ تېخىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۋالدى. مەن (ئەجەبلىنىپ قالدىم)

* * *

مەندە كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر ئازابلىق يۈرەك سوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇ سانسىزلىغان كۆلپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن

بولسىمۇ، ئۇمىدسىزلەنمىگەن ئۇلۇغ يۈرەكتۇر.

* * *

چىۋىننىڭ ماھىيىتى — بىزەڭلىكتۇر. ئۇ نىجاسەتنىمۇ، شېرىن ھەسەلدىنىمۇ ئۆزىنى تارتالمايدۇ. مەن بۇ دۇنيادىكى سانسىزلىغان چىۋىنلەرنى كۆرۈپ، لېۋىمنى چىشلىدىم. بۇ مېنىڭ ئەسەبىيلەشكەنلىكىمدۇر بەلكىم.

* * *

قاراڭغۇ كېچە.

مەن ئۇيقۇ گىرۋىكىدە مارجاندەك تىزىلىپ تۇرغان بىر ساناق سۇلغۇن يۇلتۇزلارنى كۆردۇم. ئۇلار سۈكۈت قەبرىسىدە بىر - بىرىگە ئۈنسىز باقماقتا ئىدى. مەن ئۇلاردىن غېرىب - غۇرۋا ۋە ئاجىز مەزلۇملارنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. . .

* * *

سەن قۇياشقا باقساڭ، قۇياشتەك نۇر چاچالايسەن. ھېچ بولمىسا قۇياشتەك نۇر چېچىش ئىستىكىدە ياشايسەن.

* * *

ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆزۈم نامايان قىلىپ ناخشا ئېيتمىسام، باشقىلار ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇمنى نامايان قىلىپ ناخشا ئېيتمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئەگەر «نادان»لار ئۇلۇغ سانىلىدىغان ئىش بولسا، بىزنىڭ ئارىمىزدىن مىليونلىغان نادانلار چىقىپ ئۆزلىرىنى كۆز - كۆز قىلغان بولاتتى!

* * *

مەن رەستە ئارىلاپ بىر دوقمۇشقا كەلسەم، ئۇ يەردە بىر توپ «AQ» لار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا دىققەت قىلدىم. ئەسلىدە ئۇلار كەلگۈسى ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىۋاتقان ئاداشقانلار ئىكەن.

* * *

ئەگەر مەن ناتىقلىق قىلسام، كىشىلەر مېنى چوقۇم «ساراڭ» دەيدۇ. ئەگەر «جىمىغۇر» بولۇۋالسام، «مۆڭ» دەيدۇ. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم.

* * *

مېنىڭ ئەڭ چوڭ شادلىقىم، قەلب گۈلزارلىقىمدىن ئورۇن ئالغان دىلبىرىمنىڭ ۋىسال ناخشىسىنى ئاڭلاشتۇر.

* * *

چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىش — بىر خىل ئېتىقادقا باراۋەردۇر.

* * *

ئۆلگەنگە «ياسىن» ئوقۇغان بىلەن «مەرسىيە» ئوقۇغانىنىڭ پەرقى بولمىسا كېرەك. ياخشىسى بىز بۇ دۇنيادىكى تىرىكلەر ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن ھەمدۇسانا ئوقۇيلى.

* * *

گۈزەللىك يەر شارىدىكى جانلىق، جانسىزلارنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ. ئەمما قارىغۇلار بۇنى كۆرەلمەيدۇ.

* * *

مەن ئەمدىلا تۇغۇلغان بالامنىڭ پېشانىسىنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «سەن كېلەچەك، سەن ئەۋلاد» دېدىم. ئۇ كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپلا يىغا سالدى. ئۇ بۇ دۇنيا ھەققىدە سۆزلىمەكچىمىدۇ؟

* * *

ياشايمەن دېسەڭ گۈزەللىككە مەدھىيە ئوقۇ.

* * *

ئانىنىڭ قەدرىگە ئانا بولغاندا يېتىسەن.

* * *

بىر قەلبتىن نۇرغۇن ناخشا تۇغۇلىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ ماھىيىتى پەقەتلا بىر. ئۇ بىرلا نەرسىنى كۈتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

مېنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىم سۆزمەنلىكىمدىندۇر. شۇڭا مەن مەڭگۈ گاچا بولۇۋالايمىكىن دەيمەن. بىراق، كۆزلىرىم سۆزلەپ تۇرسا نېمە ئامال.

* * *

كىشىلەر «تەڭسىزلىك دېگەن نېمە؟» دەپ سوئال سورىسا، مەن ئۇلارغا: «سېنىڭ مېنى ھاقارەتلىشىڭ ۋە مېنىڭ سېنى كەمسىتىشىم» دەپ جاۋاب قايتۇرىمەن.

* * *

يامغۇرلۇق كېچىدە چاقنىغان چاقماق ئالەمنى يورۇتىدۇ. ئايدىڭ كېچىدە ياڭرىغان ناخشا ئالەمنى ئويغىتىدۇ.

* * *

ئادەم ھاياتلىقنىڭ قۇلى. ئۇ ھاياتلىق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىركىشىدۇ.

* * *

بوۋاي بىزگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك «ئابىدىلەر»نى قالدۇرۇپ، بۇ پانىي ئالەم بىلەن خېلى بۇرۇنلا خوشلاشقانىدى. بىز بۇ «ئابىدە»لەرنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ، يۈرىكىمىزنىڭ قېتىدا ساقلاۋاتىمىز.

بىر كۈنى مەن رەستە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر تۇغقىنىمنىڭ

بوۋامدىن قالغان بىر «ئابىدە» نى دۇكاندارغا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. يۈرىكىم خەنجەر بىلەن تىلغاندەك بولدى. مەن دۇكانغا بارغۇچە دۇكاندار «ئابىدە» نى ئېلىپ قېلىپ، تۇغقىنىمغا بىر بوتۇلكا «ۋېسكى» بېرىپ يولغا سالدى. مەن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم. دۇكانداردىن بۇ بۇيۇمنى تارتىۋالماقچى بولدۇم. بىراق بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر تۇغقىنىمنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئەرزىمەس «ئابىدە» نى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالدىم. تۇغقىنىم بۇنى كۆرۈپ مېنى «ئەخمەق» دېدى. ئەمما قايسىمىزنىڭ ئەخمەقلىقى باشقا بىر گەپتۇر.

* * *

كۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئالەمنى كۆرەلىگەنلىكىدە.

* * *

گۈزەل چىرايلارنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان خىرە «چىراغ» لارنى يېقىپ ئولتۇرغان ئاخونۇملار قۇياشنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىدىن قىزغانسا كېرەك.

* * *

رەقىبىنىڭ ئۆلۈمىنى خۇدادىن تىلىگەنلەر نېمىدېگەن دۆت، ئەخمەق ئادەملەر - ھە!

* * *

باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى ئۇرىغا تىقىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

بىر سېغىزخان دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، ئۈزۈي ساقلاۋاتقان ئىتقا قاراپ:

— دوستۇم، سەن ئۆز ئىگەڭگە سادىقمەنمۇ؟ — دېدى. ئىت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆز ئىگەمنى قوغدايمەن. ئۆيدىكى بىر چىمدىم توپىنىمۇ ئوغرىنىڭ ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويمايمەن، — دېدى.

سېغىزخان شۇئان پېشايۋانغا قاتار تىزىپ قويغان قاچىلاردىكى كالا سۈتلىرىنى ئىچىشكە باشلىدى. ئىت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. سېغىزخان قورسىقىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن، ئىتقا قاراپ:

— مېنى قوغلىۋېتىپ، كالا سۈتىنى قوغداپ قالالمىغانلىقىڭنى بويۇنۇڭدىكى ئىگەڭنىڭ زەنجىرىدىن كۆر، — دېدى.

*   *   *

سەن ھاياتقا قانچىلىك ئەقىدە قىلساڭ، ھاياتمۇ سەن ئۈچۈن شۇنچە كۆپ بەخت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدۇ.

*   *   *

مېنىڭ يۈرىكىم ئامۇتچىلىك بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قېتىغا مىليونلىغان ناخشىلار يوشۇرۇنغان.

* * *

ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ كۆكسىدىن دۇنيادىكى ئەڭ پاك شەربەتنىڭ تامغانلىقىدا. . .

* * *

ئەينەكنىڭ خاسىيىتى — ئۇنىڭ سېنىڭ يۈز ـ كۆزۈڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكىدە.
ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خاسىيىتى — ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە.

* * *

كېچىسى ئۇپۇق چېھرىدە يالقۇنجاۋاتقان يارقىن يۇلتۇزلارنى كۆرەلمەيدىغان ئىنسانلارغا ھەيرانمەن. قۇياش كۆلگەندە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانايمەن دەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان ئادەملەرگە ھەيرانمەن. ئادەملەر ھەم ئۇلۇغ، ھەم نېمىدېگەن نادان ـ ھە!

* * *

مايمۇننىڭ شاختىن شاخقا سەكرەپ ئوينىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۇچمە كۆڭۈللۈكى ئەمەس، بەلكى تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىدۇر.

* * *

يامغۇر ئاسماننىڭ كۆز يېشى. ئاسمان غەزەپلەنگەندە ياش تۆكىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس.

* * *

ئۆز ھاياتىنى شېھىتلىكتەك كۆڭۈلسىز، قورۇپ كەتكەن دەرەخ يىلتىزىدەك كۆرۈمسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر ـ ھە!

ئۇلار ھاياتنىڭ، ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە كاشكى.

* * *

ئارمان — ئۇپۇقتىكى يۇلتۇز. كىم قولىنى سوزسا يېتەلەيدىغان ئىلغىدىكى گۆش ئەمەس.

* * *

مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ناخشىنى ئېيتالىغان ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

* * *

ئېھ دۇنيا، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ، مېنى «مېنىڭ ئويغاق ئوغلۇم» دەپلا قويساڭ كۇپايە.

* * *

«ئېگىز» ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تۇغۇلمىغان جاسارەت «پاكار» ئادەملەرنىڭ قەلبىدە قىرانىغا يېتىشى مۇمكىن.

* * *

قارىغۇلارچە ياشاش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

* * *

توۋا دەيمەن. ئىنسانلار ھاياتىنىڭ شادلىقىدىمۇ «ئانا» دەپ ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇلار يەنە قايغۇسىدىمۇ «ئانا» دەپ ناخشا ئېيتىدىكەن.

* * *

غالىبلار مۇھەببەتكە ئەقىدە قىلىپ، ئۇنىڭ تاتلىق شەربىتىگە نائىل بولىدۇ.

* * *

سەلكىن شاماللار دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى سۆيگەندە، يوپۇرماقلار خۇشاللىقىدىن ناخشا ئېيتىپ كەتتى.

* * *

كېچىلىرى پەلەككە تۇتاشقان تاغ چوققىلىرىنى چۈشەيمەن. كۈندۈزلىرى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ دەريا بىلەن چوڭقۇر سۆزلىشىمەن.

* * *

سەن كۈلۈۋاتىسەن، ئاۋۇ ئۆكسۈپ ياش تۆكۈۋاتىدۇ. مەن ھەم كۈلمەي، ھەم يىغلىماي جىملا تۇرۇۋاتىمەن. مەن شۇنداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئويلايمەن.

سېنىڭ كۆلكەڭ گۈزەل شېئىرغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ يىغىسى تەسىرلىك مۇزىكىغا ئوخشايدىكەن.

*    *    *

ئاشۇق ـ مەشۇقلار مۇھەببەتنى، شائىر گۈزەللىكنى، رەسسام تەبىئەتنى چەكسىز سۆيىدۇ.

*    *    *

بىر مۇشۇك يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قەلەندەرگە قاراپ: «سېنىڭ ھاياتىڭ مېنىڭ ھاياتىمغا ئوخشايدىكەن» دېدى.

*    *    *

تۈگۈلۈكتىن ماراۋاتقان تولۇن ئاي ئانامنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە سېلىشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.

*    *    *

كۆلدىكى ئەركىن بېلىق ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ قۇللۇقنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ.

*    *    *

ھەقىقەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشىقلار بىلىدۇ. ئەي ئاشىقلار كېلىڭلار، بىز بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەدھىيە ناخشىسى ئېيتايلى.

*   *   *

ھايات پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئوت ياقساڭ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولىسەن.

*   *   *

ئەڭ گۈزەل ئادەم ئۆزىنى پەردازلىمايدىغان ئادەمدۇر.

*   *   *

ئۆلمەك ئاسان، ئەقىللىق ئادەملەر ئۈچۈن ئەركەكلەردەك ياشىماق تېخىمۇ ئاسان.

*   *   *

بۈگۈن ياغقان قار ئەتىكى زېمىنغا باھار شامىلىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

*   *   *

مەن دائىم تەگرىدىن مۇھەببەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماسلىقنى ۋە ھەقىقەت يولىدىن ئېزىپ كەتمەسلىكنى تىلەيمەن.

*   *   *

بىر ئادەمنىڭ تۈن قوينىدا جاراڭلىق ناخشا ئېيتىپ، بىر ياقلارغا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يورۇقلۇق ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئادەم بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

كۈنداشلىق مۇھەببەتكە قىلىنغان قاتىللىقتۇر.

* * *

ھېسسىيات ئەڭ كۈچلۈك ھەم ئەڭ ئاجىز ئېيتىلغان ناخشا.

* * *

تىل ـ تورزانلىرى تەگمىگەن ئادەم باشقىلار قىزىقمىغان ئادەمدۇر. ئۇ نېمىدېگەن بىچارە ئادەم ـ ھە!

* * *

ۋاپا يۈرەكتىكى مۇھەببەت ناخشىسىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس.

* * *

خائىن، زىناخور، قاراقچى، قىمارۋاز، نەشىكەش ھاراقخۇمارلارنىڭ ماڭغان يولى ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەتتۇر.

* * *

بەزىلەر مەن بىلەن كۈچ سىنىشىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. بىز دۈئېلغا چىقتۇق. مەن يېڭىۋالدىم. گەپ جۈرئەتتە ئىكەن، ئادەم قورقۇمسىز بولسىلا دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قازانماي قالمايدىكەن.

* * *

خىلۋەت زېمىندىكى دەرەخلەرگە ئوت كەتكەن، مەن خىلۋەت دالىدا كۆلگە ئايلانغان دەرەخنىڭ ئەنسىز ناخشىسىنى ئاڭلىدىم.

* * *

موھتاج ئادەم سەندىن پۇل تەلەپ قىلىپ يېنىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا پۇل ھەم مۇھەببەت بەر. قەلەندەر ئىشىكىڭگە موھتاج بولۇپ كەلسە ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت بەرمە، چۈنكى قەلەندەر مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

* * *

ھاياتتا بەھرىمەن بولۇش ۋە مەھرۇم قېلىش بولىدۇ. لېكىن ئاجىزلىقىمدىنمۇ ياكى دۆتلۈكۈمدىنمۇ مەن ھاياتىمدا بىرەر قېتىممۇ بەھرىمەن بولۇپ باقمىدىم. بەلكىم بەھرىمەن بولغان ۋاقتىمنى نادانلىقىم تۈپەيلى سەزمىگەندىمەن.

* * *

تەڭرى يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرقانداق كۈرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولماي قالمايدۇ.

* * *

ئارمان غۇنچە دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئېچىلىشى ياكى نابۇت بولۇشى ئەجرىڭگە باغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

بىز ھايات ئۈچۈن ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزگە سۆدەك قوشۇلۇشىمىز كېرەك.

* * *

ئايال ئۆز سىرىنى تاكى بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە يوشۇرۇپ كېلىدۇ، ئەر بۇنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ.

* * *

بىز پەقەت ئېتىراپ قىلمايدىغان ئاجىزلىقىمىزنىڭ بىرى — قورقۇنچاقلىق.

# ياق، مەن ئۆلجا ئەمەس

يەردە مىدىرلاۋاتقان قۇرت دەرەخ شېخىغا قونۇۋېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان قۇشقا قاراپ مەنمۇ بىر قۇش بولۇپ باققان بولسام، دەپ ئۈنسىز ياش تۆكتى.

* * *

زېمىستاندىكى قۇش ئۆزىنىڭ باھارىنى سېغىنىــــپ مۇزلاپ كەتتى. بىراق ئۇ تېخىمۇ سەگەكلەشكەنىدى.

* * *

دەرەخ يىلتىزى خۇددى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ.

* * *

باشقىلار ئەڭ سەزگۈر، ئۇلار سېنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

* * *

ھەسەت قىلىش باشقىلارنىڭ قېنىنى كۆرسەتمەيلا جېنىنى ئېلىشتۇر.

* * *

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئالالىغانلىقىدا.

* * *

ھاياتلىق — مەڭگۈ داۋاملاشمايدىغان ناخشا.

* * *

مەن ئۆز قايغۇلىرىمنى ناخشام بىلەن زېمىنغا ئۇرۇق قىلىپ چېچىۋېتەي. ئادەملەر مېنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسۇن.

* * *

تەكلىماكان دېڭىزىنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىدا ئۇخلاۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىق. كۈن نۇرىنىڭ پاساھىتىنى چۈشەيدۇ.

* * *

قەيەردە ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ چاغلايدىكەنسەن، ئۇلۇغلۇقۇڭنى نامايان قىل.

* * *

دېڭىز بوۋىسىدىن مىراس قالغان ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل ناخشىسىنى ئانا قىرغاققا ئېيتىپ بېرىدۇ. بىز بالا تاغلار بۇ مۇقامنى ئۇيۇقتا يېلىنجاۋاتقان قۇياش قىزنىڭ چېھرىدىن كۆرۈۋالايمىز.

* * *

مەن باشقىلارنىڭ سايىسى بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

* * *

«ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا». دوستۇم بۇ ناخشىنى مەن ساڭا ئىچ پۇشۇقۇڭنى چىقىرىش ئۈچۈن ئېيتىپ بەرمەيۋاتىمەن.

* * *

ئاشۇ يول. مەن ئاشۇ ئۇيۇققا تۇتاشقان يولدا بىر شائىرنىڭ ئۆلمەس ناخشىسىنى زېمىنغا چاچىمەن. قۇياش غەرب ساماسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئالدىن تەييارلاپ قويغان پەر ياستۇققا بېشىنى قويدى. زېمىن ئاقۇش پەردىلىرىنى دېرىزىلىرىگە ئارتىپ ياساندى. مەن جىمى مەۋجۇدىيەت ئۇيقۇ پەرىشتىسىنى سۆيگەندە ناخشامنى باشلىدىم. بۇ ناخشام سامادا بۇلۇتتەك لەيلىدى.

ساقىلىغا قىراۋ چۈشكەن بىر بوۋاي ھاسىسىنى تايىنىپ چىقىپ مېنى قارغىدى. مەن كۈلۈمسىرىدىم. شېرىن ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىپ ناخشامنى ئاڭلىغىلى چىققان ئۇ چالغا مېھرىبانلارچە قارىدىم. ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

قانداق ئوغۇلسەن، ئۇخلىمايدىغان، يا ئادەمنى ئۇخلاتمايدىغان.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ھېلىقى ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ قارىسى يوقالغۇچە سۈكۈتتە تۇرۇپ ناخشامنى يەنە باشلىدىم.

مەن ئاشىق زېمىن ئارىلاپ ناخشا ئېيتىپ ئۇخلاتمايدىغان —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدىم.

* * *

بىر ئۆلىما كوچىدا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. بىراق ئادەملەر ئۇنىڭغا چالما ئېتىپ ناخشىسىنى بۇزۇۋاتىدۇ. مەن ئادەملەرگە قاراپ شۇنداق دېدىم: «ھەي، ئادەملەر، سىلەر ئۇنى ناخشا ئېيتقىلى قويۇڭلار، ئۇنىڭ ناخشىسى بىلەن زېمىن خۇشاللىققا چۆمىدۇ» ئادەملەر مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلىماغا ئاتقان چالمىلىرىنى ماڭا قايتۇردى. مەن ئۇ ھەقىقەتچىلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن نابۇت قىلىۋاتقان بۇ ئەقىلسىز ئادەملەرگە قاراپ ئۆكۈندۈم.

* * *

بىر ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا بالىسىنى يېنىغا چاقىرىپ:

«ئوغلۇم، مەن بۇ پانىي ئالەمدىن خوشلىشىدىغاندەك قىلىمەن. مەن ئۆلگەندە، قەبرەمنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياساپ قويغىن» دېدى.

يەنە بىر ئادەم بولسا ئەجەل ئالدىدا ئوغلىغا:

«بالام، مېنىڭ كۈنۈم يېقىنلاپ قالدى، مەن ئۆلگەندە قەبرە تېشىمنى سەن ئورناتما. ئۇنى خەلق ئورنىتىدۇ» دېدى.

* * *

مەن شۆھرەتسىز ئالىيجاناب بولۇشنى خالايمەنكى، ھەرگىزمۇ شۆھرەتلىك، ساختىپەز ۋە ئالىيجاناب ئالدامچى بولۇشنى خالىمايمەن.

* * *

تەڭرى پەقەت ئادەملەر ئۈچۈن كىچىككىنە يەر شارىنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئاپرىدە قىلدى.

* * *

مەن گۈزەللىكنىڭ قۇلى. چۈنكى مەن ئۇنــى سۆيگەن. رەسساملار، شائىرلار ۋە مۇزىكانتلارمۇ گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. ھەتتا تۇرمىگە مەڭگۈلۈك مەھكۇم بولغانلارمۇ گۈزەللىكنى چۈشەيدۇ.

مېنىڭچە، ھەقىقەتتىن تۇغۇلغان گۈزەللىكنــى سۆيمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

* * *

ئۆتۈپ كەتكەن، ياشلىقىنى ئەسلەپ ھەسرەت چەككەن ئادەم بۈگۈنكى ھاياتى ھەققىدە ئويلانغان ئادەمدۇر.

* * *

مېنىڭ ئارمانلىرىم سېنىڭ قەلبىڭدە، سېنىڭ ئۈمىدلىرىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدە بولغاندىلا، بىز چوقۇم بەخت كېمىــــــگە چۈشەلەيمىز.

* * *

«ئۆچكىنىڭ جاڭگال، توخۇنىڭ داڭگال چۈشىشى» ئۆلارنىڭ ئارمانلىرىدۇر. يەتكىلى بولمايدىغان ئارمان يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

كۆڭلىمىز دەريا. بۇ دەريادا ئازابلىق كېمىلەر ئاقماقتا. قەلبىمىز قارلىق چوققا. ئۇنىڭدىن ھەسرەت سۇلىرى ئېرىپ كەلمەكتە. بىز ئىمىدىگەن يۇمشاق كۆڭۈل ـ ھە!

*   *   *

رېئاللىق مېنىڭ خىياللىرىمدۇر. مەن بۇ خىياللار قوينىدا ئاز ـ تولا خۇشاللىقنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنىمەن. بۇ ھەرگىزمۇ بەخت ئەمەس.

*   *   *

جىمجىتلىق قەبرىلەرگە خاستۇر. مەن ئادەملەرنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرەلمەيدىغان، پۇتى ساق تۇرۇپ ماڭالمايدىغان جەسەت بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

*   *   *

مەن قۇياشقا قاراپ تۇردۇم: «كەل، ئىككىمىز دوست بولايلى» دېدىم. قۇياش ماڭا قاراپ: «مەن زۇلمەتلەرگە مەشئەل بولالايدىغان ئويغاق ئادەملەرگە دوست بولۇشنى خالايمەن» دېدى.

*   *   *

ئەمالار گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدۇ، پەقەت گۈزەللىك توغرىسىدىكى گەپنىلا ئاڭلىيالايدۇ. سەن ئۇلارغا گۈزەللىك توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەر. ئۇمۇ گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانسۇن.

* * *

بىر ئاشىق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىقتا كېلىپ گۈلگە تەشنا يۈرىكىنى قاندۇردى. ئۇ: «ئېھ گۈل! سەن بۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى سانسىزلىغان سۆيگۈ بىمارلىرىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرگۈچى لوقمانىنىڭ دورىسىسەن. مەن سېنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن» دېدى. گۈل ئۆزى ئۈچۈن شۇنچە ئەقىدە قىلىۋاتقان بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

* * *

مەن سېنى يۆلىدىم. سەن ئەمدى ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ بەلگىلە. بىلگىنكى، ھاياتلىق ئالىمىدە پەقەت مەجرۇھ، ئاجىز ئادەملا باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدۇ.

* * *

سەن باشقىلار بىلەن تەڭ ماڭالمىغاندا چوقۇم مەسخىرىگە قىلىنىشىڭ مۇمكىن.

* * *

دەرەخ يوپۇرماقلىرى: «بىز مېۋە - چېۋىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايمىز. ئەتىرگۈل بەرگىلىرىدەك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايمىز. ئەمما مېھرىلىك سايىمىز بىلەن ئاجىزلار ۋە مۇساپىرلارنىڭ ئۇسۇۋېشىنى ئىللىتالايمىز» دەپ ناخشا ئېيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

* * *

مېنىڭ ئەبەدىيلىك ئانام زېمىن ئانامدۇر. بىز ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

* * *

يۇلتۇزلار تولۇن ئاينىڭ گۈزەللىكىدىن ھەسەت قىلىشىدىكەن.

* * *

«سېنى سۆيىمەن» دېگەن ناخشاڭنى ئاڭلاپ، ساڭا قۇل بولدۇم. بۇ مېنىڭ ساددا ھەم پاك بولغانلىقىمدۇر.

* * *

«چىنلىق» ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىرايدۇ. كىمنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى «چىن» بولسا، ئۇمۇ خۇددى ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدۇ.

* * *

كۆپچىلىك يىغلىسا يىغلا، كۈلسە كۈل. يالغۇز قېلىپ يىغلاشتىن ۋە كۈلۈشتىن ھەزەر ئەيلە.

* * *

مەن ئۇلۇغ ئابدىلىرىمنى تېپىش ئۈچۈن قۇم باسقان دېڭىزغا كەلدىم. خىيالىمدا ئۇ يەر بەك خىلۋەت، چۇقان ـ سۈرەندىن خالىي ئىدى. بىراق بۇ يەر خىيالىمدىكىدەك چىقمىدى. مەن

يالىڭاچلاندىم. قولۇمدىكى كىچىككىنە ئەسۋابىم بىلەن بۈيۈك ئابىدىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم. ھاردىم ـ تالدىم، بىراق ئارمىنىم ماڭا چىقمىدى. مەن ئۇنى تاپالماي ئاسمانغا قاراپ ياتتىم. ئاسماندا قۇياش كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ ماڭا مەدەت بەرگەندەك لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى. مەن يەنە قۇمنى ئەسەبىيلەرچە كولاشقا باشلىدىم. كولىدىمىۇ، ماڭا قۇمدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. مەن مۇڭغا چۆمدۈم. تولۇن ئاي ئاسماندا پەيدا بولغىچىلىك، خىيال مېنى ئەسىر قىلدى. مەن ئەنە شۇ چاغدا ئابىدىلىرىمنىڭ ئوغرىلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىدىم.

* * *

بىر كۆل دائىم: «مەن باشقىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان كۆل ئەمەس» دەپ ئۇنىسىز ياش تۆكىدىكەن.

* * *

بەخت — چەكسىز كەتكەن ئارمان دېڭىزىدىكى كىچىككىنە گۆھەر. بىز ئۇنىڭ جۇلالىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاشۇ دېڭىزغا كىرىمىز.

* * *

ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ بىزگە كۆرۈنمەيدىغان تەرىپىدە. كۆپلىرىمىز ئۇنى ئىزدەشنى خالىمايمىز.

* * *

ئۆزىنى ھېچ كىشىگە تۇتتۇرمىغان قىز ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پاك قىزدۇر.

* * *

قورقۇنچاق ئادەملەرلا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدۇ. بىز ئۆلۈمنى كۈتمەيلى. ئۆلۈم پەقەت ئۆز ھاياتىنى پۇلغا ساتىدىغان ئادەملەرگىلا خاس.

* * *

ئىت نېمىدېگەن سەگەك ـ ھە!
گەرچە ئۇ ئىت بولسىمۇ ئۆز ئائىلىسىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ.

* * *

ھايات — يەر. سەن ئۇنىڭغا نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن.

* * *

خۇشامەت تۇنۇگۇنكى ئېرىق، بۈگۈنكى دەريا، ئەتىسكى دېڭىزدۇر.

* * *

ھەسەل ھەرىسى قىزىلگۈل بەرگىگە قونۇپ شۇنداق دېدى: «مەن سېنىڭ مېھرىڭدىن مۇھەببەت تاپتىم». قىزىلگۈل ھەسەل ھەرىسىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

*　*　*

بىز سىرلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ئادەم بىر بولسا ئۇلۇغ ئەرباب، بىر بولسا پەسكەش ئەبلەخ.

*　*　*

مەن قىزىل يۈرىكىمنى بەزلەيمەن: «جىم بول يۈرىكىم، سەۋرە تاقەت قىلىش ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغلۇقتا يېتىشتۇر.

*　*　*

مەن دائىم چۈش كۆرىمەن. چۈشۈمدە كۆرىدىغىنىم پەقەت يانار تاغ، شاۋقۇنلۇق دېڭىز، دولقۇنلۇق دەريا. ئەپسۇس بۇ چۈشلىرىم ئىدى.

*　*　*

سۆزمەنلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ قالغان ئادەم ئەڭ نادان ئادەمدۇر.

*　*　*

دادام ماڭا باتۇرلۇقنى ئۆگەتتى. كىچىك چاغلىرىمدا كېچىلىرى سادىر بوۋىمىز چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى ئېلىپ خىيال دېڭىزىدا ئۈزاق ئۈزەتتى. دادامنىڭ ئاشۇ غالىب روھى مېنىڭ يۈرىكىمدە ئورۇن ئالدى.
دادام ماڭا باتۇرلۇقنى ئۆگەتتى. مەنمۇ بالامغا باتۇرلۇقنى ئۇدۇم قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*    *    *

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋات رەستە. ئۇ يەر «تۈرلۈك ماللار بازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ياشانغان بوۋاي بازارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىتاب ساتىدۇ. ئۇ بىر كۈن كەچ بولغۇچە ئاران دېگەندە ئون سومغا ئىشلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «خۇداغا شۈكرى، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ تۈگەپ كەتمىگىنىگە» دەپ ئاستا پىچىرلايدۇ.

ئەتراپتىكى رەخت سودىگەرلىرى بۇ قېرى چالنىڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە كىتاب ئوقۇغىنىنى مازاق قىلىشىدۇ.

ئۆزى خەت تونۇماي تۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلارنى مەسخىرە قىلىش نېمىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ؟!

*    *    *

ئالەمدەك چەكسىز، يەرشارىدەك چوڭ، ۋولقاندەك قۇدرەتلىك، دېڭىزدەك كەڭ، دەريادەك دولقۇنلۇق، قۇياشتەك نۇرلۇق.

تەڭرى ئۆزى ياراتقان يۈرەكلەرنىڭ شۇنداق «ئۇلۇغ» بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

*    *    *

مېنىڭ بۇگۈنۈم بارلىق بەخت - سائادىتىمنىڭ ھازىرىدۇر شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈنۈمنى قەدىرلەپ ياشايمەن.

كەل دىلدارىم، بىز بىرلىكتە ۋىسال قۇچايلى.

* * *

باشقىلارنى سۆيۈشتىن ئاۋۋال چۈشىنىشىمىز كېرەك.

* * *

گۈزەللىك — كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇش. بىز ھەممىمىز قۇشقا زوقلىنىمىز، قىزىقىمىز، شۇنداقلا سۆيىمىز.

* * *

ئىرادىلىك ئادەملەر ئۈچۈن ئەبەدىي يېتەلمەيدىغان مەنزىل مەۋجۇت ئەمەس.

* * *

نەپىس مۇزىكا مېنى زۇلمەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدۇ. لىرىك مۇزىكا قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇق ئىزدەشكە چاقىرىدۇ. مۇڭلۇق ناخشا تېنىمگە سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. مەن قان بىلەن ئاپىرىدە قىلىنغان سەنئەتنى سۆيىمەن.

* * *

تام — ئۆز تېنىمىزنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس.

* * *

ئەي خۇدا، ماڭا توشقاننىڭ يۈرىكىنى ئاتا قىلماي، شىرنىڭ يۈرىكىنى بەرگىنىڭ ئۈچۈن، ساڭا كۆپتىن - كۆپ ھەمدۇ سانالار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئېيتىمەن.

* * *

ئۇ راۋاينى تارلاشقا باشلىدى.

ئۇ راۋاينى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇردى. راۋاب يەنىمۇ مۇڭلۇق جاراڭلاشقا باشلىدى. تاغ ـ دالا، ساي ـ ئېتىزلار، دېڭىز ـ ئوكيان، دەريا ـ كۆللەرمۇ بۇ يېنىك سادادىن ئاستا تەۋرىدى.

* * *

مەن ئۆزۈمدىكى روھنى قىزىلگۈل ئۆسكەن زېمىنغا ئۇرۇق قىلىپ چاچتىم. روھىم زېمىننىڭ قەلبىدىن ھېكمەت بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى. كىشىلەر ئۇنى ھاياتلىق يولىغا ماياك قىلدى.

* * *

تاغقا چىقىش قورالىنى تەل قىلماي تۇرۇپ، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان چوققىغا ياماشقان ئادەم ئەڭ «دۆت» ئادەمدۇر. بىز شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، شامغا ئوت يېقىشتىن ئىلگىرى سەرەڭگىنى تەل قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

* * *

ئۆلۈك ھاياتقا مەرسىيە ئوقۇشتىن ئارتۇق ئەخمەقلىق يوق. لىكىن تۇرغان ھاياتقا مەرسىيە ئوقۇش ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلغانلىق، ئەلۋەتتە.

*　*　*

تەڭرى گۈزەللىك ئاپىرىدە قىلغان بارلىق يەر مېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدۇ. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈم گۈزەللىك قەيەردە بولسا يۈگۈرىدىغان ئۈژمە كۆڭۈلدۇر.

*　*　*

مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىــــمغا قايغۇرىمەن. گوللۇقۇمغا نەپرەتلىنىمەن.

*　*　*

سۆيگۈم باشقىلار مېنى «قۇللۇق» قا قىستىسا، مەن ئۆز ئىرادەمگە بويسۇنۇپ، ئۇلار ئۇستىدىن غالىب كەلسەم، ئۇلار مېنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسە، سەن مېنى زېمىنىنىڭ ئۈستىــــدە غادىيىپ تۇرغان تاغ چوققىسىغا دەپنە قىل. قەبرە تېشىمنى قاتۇرۇپ ئۇنىڭغا «تاغ ئوغلى» دەپ يېزىپ قوي. بۈركۈتلەر قەبرە تېشىمغا قونۇپ سۈكۈت قىلسۇن.

*　*　*

پاكلىق — مېنى يەر شارىدا ئەبەدىيلىئەبەد ھايات قالدۇرىدىغان ئەڭگۈشتەر.

*　*　*

باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش شەرەت. ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلىش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل جىنايەت.

* * *

رېئاللىق مەندىن «سەن مېنى ياقلامسەن؟» دەپ سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ياقلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: «ئۆزۈم – ئۆزۈمگىمۇ ياقمايدۇ» دېدى.

* * *

زېمىندىكى بارلىق قۇشلار سايراپ ئالەمگە ھەدىيە ناخشىسى ياڭرىتىدۇ. مەن «ئويغانغان زېمىن»گە ھەدىيە ئوقۇيمەن. ئۇخلاپ يۈرگەنلەرگە ناخشا ئېيتىشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق.

* * *

بىر قىز ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ ئېگىز قىيا ئۈستىدە تۇرۇپ، دەريانىڭ ئۆركىشىنى كۆردى. قىزنىڭ تېنى شۈركەندى بولغاي، كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دەرياغا قارىدى – دە، ئۆزىنى تاشلىدى. دەريا دولقۇنى ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ دەرياغا يەنە ئۆزىنى ئاتتى. دەريا يەنە ئۇنى ساھىلغا تاشلىدى. قىز ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا دەريا قىزغا قاراپ:

— ئەي قىز، تەقدىرنىڭ ئازابلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئۆزى ئاجىزلىقتۇر. سەن مەندەك غالىب بول، ئازاب سېنى تاۋلايدۇ. ياش تۆكمە. دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز كىشىلەرلا ياش تۆكۈپ ياشايدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*   *   *

رىئاللىق — مۇقەددەس قامۇس. بىز بۇ قامۇسنىڭ تەكتىگە قانچىكى چۆكسەك، ئۇ بىزگە ياشاشنىڭ يېڭى - يېڭى پەلسەپىلىرىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

*   *   *

سۇبھىنى ئېچىرقاپ كۈتكەن ئادەم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ئويغاق ئادەمدۇر.

*   *   *

مەن تىلەمەيدىغان، ئۆزى تاپىدىغان ئادەمگە ھۆرمەت مۇنارى تىكلەيمەن.

*   *   *

ھۇرۇن — مەڭگۈلۈك قەلەندەر. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شاپائەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

*   *   *

خائىن شاماللار نىجاسەت كۆمىقايتىن چىقىپ مەزمۇت تاغلارنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرىدۇ. ئەمما بۈيۈك تاغلار خائىن شامالLارغا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويىدۇ.

*   *   *

سۆيگۈنۈم، ئىللىق چېھرىڭنى تولۇن ئاي كەبى ماڭا قاراتتىڭ.

مەن سىنىڭ نۇرانە جامالىڭدىن ھوشسىزلاندىم. ئۆلۈك قەلبىم تىرىلدى. تۇماندا قالغان ئەقلى ھوشۇم ئېچىلدى. ئىمجان يۈرىكىم تىرىلدى. پالەچ تېنىمگە ھاياتلىق زەمزىمى تاراپ، پۈتۈن ئۇستۇبىشىم ئاپتاپتەك يورۇشقا باشلىدى. مەن بۇ ۋىسالسىز يەرگە يەنە قايتىدىن ئاپىرىدە بولۇپ كۆز ئاچتىم. سەن ماڭا سۆيگۈ ئاتا قىلدىڭ. مەن ساڭا مۇھەببەت گۈلدەستىسى سۇندۇم. بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت. بىز ئېيتماقچى بولغان ئەبەدىيلىك ناخشا.

* * *

مەن بىر قىزنى سۆيدۇم. ئۇمۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيدى. مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم. بىز بىر كۇنلەرگە كەلگەندە ئايرىلىپ كەتتۇق. ئۇ ئۆلۈۋالدى. مەن سەرگەردانغا ئايلاندىم. بىز ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن نەرسىمىزدىن ئايرىلغان.

* * *

مۇھەببەت ناخشىغا ئايلانغاندا ئۇنى سۆيمەيدىغان ئادەم قالمايدۇ.

* * *

تەقۋادار ئادەملەر تەڭرى بىلەن ھەر ۋاقىت سۆزلىشىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئۆلۈمنى قانچىكى كۆپ ئويلىساڭ، ھاياتنى تېخىمۇ سۆيىسەن.

* * *

ئىنسان — ھاۋاغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان مەخلۇق.

* * *

تاغلار «مېنىڭ دەريالىرىم بار» دەپ ماختىنىدىكەن. ئەمما دەشتى - قۇملۇق ئاچچىق يۇتۇپ ئۈنسىز يىغلايدىكەن.

* * *

يېڭى ئىدىيە — جەڭگىۋار كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە پەلسەپە.

* * *

ھەسرەت — ئىچىمدىكى ئوتتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس.

* * *

قىزلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ئالدانغان شەيتاننىڭ چىرايلىق قىلتىقىغا دەسسىگەن ئادەمدۇر.

* * *

ئىنسان — ئۆزىگە جەننەت ھەم دوزاخ.

* * *

بۇركۇت قەپەس ئىچىدىكى بىچارە قۇشقا قاراپ شۇنداق دېدى: «قاچانمۇ ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ بەلگىلىيەلەرسەن؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# جىمجىت كۆيلەر

چاشقان قەسىرىمىزنىڭ جىمى يېرىگە ئىستەك تارىدى. ئۇ نەدە تۇرسا شۇ يەرنى قۇرۇتىدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنىڭ ساق يېرى قالمىدى. بىچارە بوۋام بىلەن مېھرىبان مومام نىجاسەت چاشقىنى چىقىدىغان تۆشۈككە قاراپ «سېنىڭ قىيامەت كۈنۈڭ، بىزنىڭ شادلىق بايرىمىمىز بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

*   *   *

مەن جەڭدە ئۆلدۈم. قېنىم تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. قېنىمدىن بىر مۆڭلۈق ناخشا ساداسى زېمىنغا چېچىلدى. شائىرلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ھەم جەڭگىۋار ناخشىسىنى ئىزدەپ جەڭگاھقا كەلدى.

*   *   *

داداڭ ئەڭ ئۇلۇغدۇر. ئاناڭمۇ ھەم شۇنداق.
ۋەتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغدۇر، يۇرتۇڭمۇ ھەم شۇنداق.

*   *   *

مەن ئۆزۈمنىڭ دۈشمىنى ھەم دوستى.

* * *

شەيتان ماڭا «ئادەم ئەڭ ئەقىللىسىز، ئۇ گول ھەم ئەخمەق» دېدى. مەن شەيتاننىڭ تۇنجى قېتىم راست سۆزلىگىنىنى كۆردۈم.

* * *

مەن سېنى تەرىپلەيمەن تۇپرىقىم. سېنىڭ ئالتۇن قوينۇڭدا ئۆسكەن ھەربىر گىياھلىرىڭنى سۆيىمەن.

مەن سېنى سۆيىمەن زېمىنىم. مەن سېنى ھاياتىمنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە قارىماي ئاخىرىغىچە چەكسىز مۇھەببەتكە تولغان سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن.

مەن سېنى قوغدايمەن ۋەتىنىم. مەن سېنى غۇرۇر ۋە ۋىجدانىم بىلەن، ھايات ۋە ماماتىم بىلەن قوغدايمەن. سېنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ھەربىر ئەزىمەتىڭنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن سۈرەتلەيمەن.

مەن سېنىڭ ئۈچۈن چاڭقىغان ۋاقتىڭدا شىپالىق بۇلۇت بولۇشنى، توڭلىغان ۋاقتىڭدا ئىسسىق باھار بولۇشنى خالايمەن.

مەن سەن ئۈچۈن كۆكلەردە چېقىلغان چاقماق، سۈزۈك ئاسماندا پارلىغان قۇياش، قاراڭغۇ تۈنلەردە يېنىپ تۇرغان يۇلتۇز بولۇشنى خالايمەن. مەن سېنى سۆيىمەن ئانا يەر. تۈنۈگۈنكى ئوتتۇنچىنىڭ ناخشىسىدا سېنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقىڭ بار. بۈگۈنكى جاز مۇزىكىلىرىدا سېنىڭ ھەسرىتىڭ ۋە شادلىقىڭ بار.

مەن بۈگۈنكى ناخشىلارنى سۆيىمەن. تۈنۈگۈنكى ناخشىلارنى ئەسلەيمەن. چەكسىز سۆيۈش بىزنى بەخت ۋە سائادەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. سېنى سۆيىمەن ۋەتىنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

مۇھەببەت ئۆزىنى چوڭقۇر ئەقىدە بىلەن سۆيگەنلەرگە ئالتۇن زۇننار بەردى.

مۇھەببەت ئۆزىنى خار ۋە زەبۇن قىلغانلارغا ئەلەمدىن كويزا ـ كىشەن بەردى.

* * *

روھى ئۆچكەن ئادەم قۇلغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ زەئىپ ۋە غېرىب ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ.

روھى ئۆچكەن ئادەمنىڭ تىلى مېيىپ، دىلى مەجرۇھ، قەلبى توكۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت بولمايدۇ.

* * *

ئۇلۇغ كۇنلەر يېتىپ كەلسە، گەرزىمەس ھەقىقەتلەر بىتچىت بولىدۇ. ساختا ھېكمەتلەر يىرتىلىدۇ.

ئۇلۇغ كۇنلەر يېتىپ كەلسە، يالغانچى دانىشمەنلەر ئۇتقا تاشلىنىدۇ. مەدھىيىۋاز شائىرلار مويتۇڭزىغا ئېلىپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ كۇنلەر يېتىپ كەلسە پەردازلانغان ئەقىل ـ پاراسەت رەسۋا بولىدۇ. رىياكار دىندارنىڭ شانۇ شەۋكىتى يەكسان بولىدۇ. بارلىق بىمەنە تەلىماتلىرى خازان بولىدۇ.

بىلىمەن شۇنداق كۇنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى.

* * *

باللار رەزىللىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ماكان ۋە زامان

ئۇلارغا رەزىللىكتىن دەرس بېرىدۇ.

بالىلار پەسكەشلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ياشاۋاتقان رېئاللىق پەسكەشلىكنى بىلدۈرىدۇ.

رەزىللىكنى ۋە پەسكەشلىكنى ئۆز ئائىلىسىدىن ئۆگەنگەن بالا نېمىدېگەن بەختسىز بالا ـ ھە!

*   *   *

تەڭرى ئۆز ھېكمىتى بىلەن يارىتىدۇ. ئادەملەر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بۇزىدۇ.

*   *   *

مۇنەۋۋەر پەزىلەتلەرگە ئىگە ئادەمنى سۆيۈش ۋە ھۆرمەتلەش تەڭرىنى سۆيۈش ۋە ھۆرمەتلەش بىلەن ئوخشاشتۇر.

*   *   *

ئېسىل خىسلەتلەر ھەققىدە سۆزلەشتىن خىجىل بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي. ياخشىلىق يوللىرى ھەققىدە سۆزلەشتىن خىجىل بولغانلارنىڭ تۇرقىغا ۋاي.

*   *   *

تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىنى نامايان قىلالمىغان ھەرقانداق بىر ئەلنى دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت تاشلاپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

* * *

ياخشى سۆز ھەقىقەتنىڭ سۆزىدۇر. ئەپسۇس، ئۇنىڭ سۆزىنى نۇرغۇن ئادەملەر قوبۇل قىلالمايدۇ.

* * *

بىز ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىزدا دۇنيادىكى ھەممە خۇشاللىقلار بىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

* * *

ئۆز روھىنى پاكلىيالىغان ئادەم رىيائاللىقنىڭ ھەرقانداق زۇلۇم ـ ستەنلىرىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

* * *

ھەقىقەت سۆزلىرى تەگرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئىنسانلارغا تاتلىق شىۋىرلاشلىرىدۇ.

* * *

ئىدىيە ئەركىنلىكى بوغۇلغان ئەلنىڭ تەتۈر قىسمەتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ.

* * *

گۈزەللىك پاكلىقتىن تۇغۇلىدۇ.
بىز پاك قەلبتىن گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلىيالايمىز.
بىز پاك دىللاردىن گۈزەل ھېكمەتلەرنى كۆرەلەيمىز.

بىز پاك تىللاردىن گۈزەل ھېكايەتلەرنى بىلەلەيمىز.
پاك كائىنات، پاك زېمىن، پاك ئادەملەر ئوخشاشلا گۈزەللىك يارىتالايدۇ.

* * *

خائىن — ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. خائىننى يوقىتىش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ پەرھىز ئىبادىتىدۇر.

* * *

يېڭى ئىدىيە — چېچىلغان ۋە خارابىلەشكەن ئەلنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرالايدۇ.

* * *

مۇقەددەس دەستۇرلارنى ئۆزلىرىگە مەشئەل قىلمىغان خەلق ئازغۇنلۇق ئىچىدە گۇمران بولۇشى مۇمكىن.

* * *

ئىمان ئېتىقادلىق ئادەملەرنىڭ ماڭغان يولىدا بەخت ۋە ئامەت بار. ئىمانسىز ۋە ئېتىقادسىز ئادەملەرنىڭ ماڭغان يولىدا زاۋالەت ۋە ئاپەت بار.

* * *

دۇنيادىكى ئەڭ زور بەختسىزلىك قولىمىزدىكى بارلىق ئامەتلىرىمىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



*      *      *

ئالىملار خورلانغان جايدا زۇلمەت قايىنايدۇ.

*      *      *

ئىنسان تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى.

*      *      *

مېنىڭ دوستۇم كىم؟
ئۆزىنى ئەزىمەت سانايدىغان بارلىق ئىنسانلار. بۇنىڭ ئىچىدە، خانىم - قىزلارمۇ بار.

*      *      *

هازىرقى سەنئەت بىزنىڭ ئازابلىرىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

*      *      *

ئىمان - ئېتىقادىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ يۈز - ئابرۇيى بولمايدۇ.

*      *      *

چىقىش يولى قالمىغان ئادەم بىچارە ئادەمدۇر.

*      *      *

بىز «تاشلاندۇق ئادەم» بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن

ھەقىقەتنىڭ بۈيۈك ھېكمەتلىرىنى يول بەلگىسى قىلىشىمىز كېرەك.

*    *    *

يېڭى ھايات ۋە گۈزەللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن مەن رەزىللىك بىلەن خوشلاشتىم.

*    *    *

مەن باشقىلارنىڭ سايىسىدا يېتىشتىن ھەم باشقىلارنى سايەمدە ياتقۇزۇشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن.

*    *    *

ئىنساننىڭ تەبىئىيتى ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقىدا ئىپادىلەنمەيدۇ.

*    *    *

— ئەي شەيتان، سەن نەدە؟
— سەن نەگە بارساڭ، نەدە تۇرساڭ مەن شۇ يەردە.

*    *    *

مەن ھاياتىمنىڭ بىپايان دېڭىزىغا قانچىكى شۇڭغۇغانسېرى، گۈزەللىك ئۈنچە - مارجانلىرىنى شۇنچە كۆپ ئۈچرىتىمەن.

*    *    *

مەن سېنىڭ قولۇڭغا ئايلىنىپ قېلىشىمنى بىلگەن بولسام، سېنى ئەبەدىلئەبەد خالىماس ئىدىم. بەلكىم بۇ پېشانەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

پۈتۈلگەندۇ.

* * *

گۈل ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن قەدىرلىك ھەم ئەزىز.
ئادەم ئۆزىنىڭ پەزىلىتى بىلەن سۆيۈملۈك ھەم ھۆرمەتلىك.

* * *

ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلغان بەندىلەر ئۆلۈۋەرسۇن، بىز كۈلۈشنى ئارزۇ قىلغان بەندىلەر ئارىسىدا تارىخ سۆزلەپ ياشاۋېرىمىز.

* * *

بۇ ئالەمدىكى ئەڭ بىچارىلەر شۇنداق دەيدۇ:
— خۇدا بەرگىنىڭگە شۈكۈر، سېنىڭ كارامىتىڭدىن ئېغىزىمغا ئاش تەگدى، بېشىمغىمۇ تاش تەگدى، شۈكۈر...

* * *

ئۆزىنى ئالىيجاناب ھېسابلىغان ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇش مۇمكىن.

* * *

قۇش ھەرقانچە ھۆرۈن بولسىمۇ قانات قېقىپ ئۇچماي قالمايدۇ.

* * *

بىز سەنئەتكە قانچىكى بېرىلسەك بىزنىڭ قىيامىتىمىز شۇنچە

تېز بولىدۇ.

* * *

دۇنيادا ئۆز تەلىپىنى باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىدىن ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك.

* * *

ئەڭ گۈزەل كۈي ھىجران كۈيىدۇر.

* * *

بىز ھەممىمىز سۆيگۈنىڭ قۇلى. بىز سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەم باشقىلارنى قەتلى قىلىمىز.

* * *

سەن ئۆز كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلغان ئادەم بىر بولسا پەرىشتە بىر بولسا شەيتان.

* * *

مەن سۆيگەن قىز باشقا بىرسىمۇ سۆيگەن قىز بولۇشى مۇمكىن.

* * *

مېنىڭ ئىستىقامەتگاھىم ئادەملەر توپلاشقان بازار.

مېنىڭ قىبلەگاھىم ئاچچىق ئەلەملەرنى مۇرىسىدە يۇتۇپ يۈرگەن مېھرىبان خەلقىمنىڭ قەلبى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ھايات دەرياسىدىلا بىلىق بولالايمىز.

* * *

قەلەندەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىچىدىغان سۇيۇم، يەيدىغان ئېشىم تۈگەپ كەتتى. بۇ قىسمىتىمنى پەقەت ئۆزۈمدىن كۆرسەم بولىدۇ.

* * *

مەن مۇقەددەس تاغقا چىقىپ ئۇخلاۋاتقان زېمىنغا قاراپ تۇۋلىدىم:

ئېھ مەزلۇم زېمىن، بوران بولۇپ بۇ ئەرزىمەس قۇملارنى يىراققا ئۇچۇرۇپ تاشلىمامسەن. ئەمما، زېمىندىن ھېچقانداق بىر سادا چىقمىدى.

* * *

مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر بىر باسقان قەدىمىمنى پاكلىق بىلەن باستىم.

* * *

ئۈمىد — قەلبىم قېتىغا يوشۇرۇنغان ئۇرۇقتۇر.

* * *

ئۆزىنى قوغداشنى بىلىدىغان مەخلۇقلار ئىچىدە تاشپاقىمۇ بار.

* * *

ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى سۆيمەي تۇرۇپ ئۆلۈم بوسۇغىسىغا يېقىنلاپ بارغان ئادەم ئۆز ئارمانلىرىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە ئۆلگەن ئادەمدۇر.

* * *

دەريانىڭ توختىماي ئېيتقان ناخشىلىرى، دېڭىزنىڭ تىنىمسىز ئىزگۇ مۇقاملىرى ۋە مېنىڭ ماڭا ئەبەدىيلىك ھەمراھ بولغۇچى جانانىم بىلەن جور بولۇپ ياڭراتقان «چۇقان ناخشا»لىرىمىز ئاي ۋە قۇياشنى توختىماي نۇر چېچىشقا دەۋەت قىلغان چاقىرىق، خىتابنامىلىرىمىزدۇر.

* * *

سەلكىن شاماللار بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي شائىرلىرىغا شۇنداق خىتاب قىلدى.

— ئەي ناخشىچىلار، ناخشىلىرىڭلارنى بوغۇق ئاۋازىڭلار بىلەن ئېيتماڭلار، ياڭراق ناخشىلار زېمىنغا چېچىلسۇن. بىز بۇ ئېسىل چاقىرىقلارنى زېمىندىكى ئۇخلاۋاتقانلارغا يەتكۈزۈپ قويىمىز...

* * *

شاتۇتىدەك شائىرلار نېمىدېگەن بەختسىز شائىرلار ـ ھە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار زېمىنگە ئاپەت، ئىنسانغا قىسمەت ئېلىپ كېلىدۇ.

* * *

باشقىلارنىڭ ماھىيىتىنى سېزىپ بېرەلىگەن رەسسام ئەڭ ئۇلۇغ رەسسامدۇر.

* * *

ئۆزىنى بىلگەن ئادەم قېرىنداشىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۆزىنى سۆيگەن ئادەم قوشنىسىنى، دوستىنى مەسخىرە قىلمايدۇ.

* * *

سەممىيلىك ئەڭ ئۇلۇغ ئۆزىنى بىلىش.

* * *

مەن تەڭرى بۇيرۇغان بىر كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقۇمنى ئالەمگە نامايان قىلىمەن. يۇلتۇزلىرىم، كەلگۈسىگە ئىشىنىڭلار غەيرەت شىجائەت ناخشىسىنى ئېيتىڭلار. ئۈمىد غۇنچىسىنى پەرۋىش قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار خار قىلساڭلا، بىز ئويلىغان ئارمانلار كۆپۈككە ئايلانمىسۇن. چەكلىك ئىچىدە سەۋر قىلايلى. بىز ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىز ئېتىقاد قىلغان بىر خۇداغا ئېرىشىمىز.

* * *

سەن ئۆز ئەركىنلىكىڭ بىلەن ئۇلۇغ، لېكىن مەن ئۆز

ئەركىنلىكىمنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم.

* * *

ھايات — ناخشا.
سەن بۇ ناخشىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇ رەزىللىك ۋە گۈزەللىك ئىچىدىكى مۇڭدۇر.

* * *

دوستۇم ماڭا خاتىرە بۇيۇمى سوۋغا قىلدى. مەن ئۇنى قەدىرلەپ ساقلىدىم. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە تونۇغۇنكى دوستۇم مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلاندى. مەن ئۇ سوۋغا قىلغان ھېلىقى ئابىدىنى يەنىلا قەدىرلەۋاتىمەن. چۈنكى ئۇ دوستلۇقنىڭ يالدامىسى ئىدى.

* * *

مەن ئۆلگەنلەرنىڭ قەبرە تېشىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى ئۆلگەن روھقا يىغلاشنىڭ نەقەدەر ئەخمەق ئىكەنلىكىنى دادام ماڭا ئۆگىتىپ قويغان.
ئېھ، ئادەملەر، مېنىڭ شەپەقتەك قىزىل تاڭدەك گۈزەل ناخشامنى تىڭشاڭلار.

* * *

مەن دېڭىز سۈيىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى جىمىغاندىكى ئەتراپنى سۈكۈت پەردىسى ئوراپ، گۈگۈم تۇمانلىرى لەيلىگەن چاغدىكى تىمتاسلىقتا ئوخشاپ قېلىشنى خالىمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى



*   *   *

مەن ئوت بولۇشنى خالايمەن.

قاراڭغۇ يوللار، ئازغۇن دىللار ئۈچۈن ئوت بولۇشنى خالايمەن. ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، كېلەچىكى ئۈچۈن ئوت بولۇشنى خالايمەن.

*   *   *

مۇنبەت تۇپراققا ئۇرۇق چاچقانىدىم. تۇپراقتىن يېشىل گىياھلار ئۈنۈپ چىقتى. ئەپسۇس ئۇلار زامان ۋە ماكاننىڭ بوران چاپقۇنلىرىدا تېزلا يېگىلەپ قالدى.

*   *   *

بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى ياسىيالايدىغان ئالىم بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ـ تەڭرى. قۇياش شارىغا چىقالايدىغان راكېتانى ياسايدىغان ئالىم بار دېيىلسە — ئۇ چوقۇم ـ تەڭرى.

*   *   *

خىيالىمدا «بەخت» ئارامگاھىنى ئىزدەيمەن. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئەخمەق بولغان چاغلىرىمدۇر.

*   *   *

بىز دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولغۇچە ئۆمرىمىز ئاخىرلىشىدىكەن. شۇ چاغدىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە يېتىدىكەنمىز. ئەمما بىز بۇ چاغدا پۈتۈنلەي كىچىككەن بولىمىز.

* * *

مەن بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمغا ئىشەنمەي، ئۇپۇق يولىدا زېمىنغا نۇر ئاتا قىلىۋاتقان قۇياشتىن سورىدىم: «قۇياش، مەن بۇ زېمىندا ھاياتمۇ» قۇياش مېنىڭ كۆز يوپۇرمىقىمدەك سارغايغان چىرايىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى: «سەن ھايات، بىراق جېنىڭ يوق» مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە سىنچىلاپ قاراپ باقتىم. راستتىنلا جېنىم يوق ئىكەن. مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا مۇشۇنداق تۇغۇلۇپ قالدىممۇ، يا. مەن تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدىم. غېرىبلىق ساھىلىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان موماملدىن ئاستا سورىدىم:

— موما، مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا جېنىم يوق تۇغۇلغانمۇ؟

— ياق، قوزام، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا جىم ئولتۇرۋالدى.

مەن خىيالغا پاتتىم. موماي يۇمشاق قولى بىلەن بېشىمنى سىلاپ قويدى.

* * *

چۈشۈمدە ئاق روماللىق بىر پەرىشتە مېنى ئاستا تەۋرىتىپ ئويغاتتى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. پەرىشتە ماڭا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سالام بەردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ دوستىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن دوستۇمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم.

ئۇ بىردەم سۈكۈت دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مەن ئىككى خىل ئادەمنى دوست تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇلارنىڭ بىرى يانچۇقى پۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن

تولغان، ئەمما كۆزىدىن ياش قۇرىمايدىغان ئادەم. يەنە بىر يالاڭتۆش، پۇل ـ مال دۇنياغا قىزىقمايدىغان، ئەمما كۆزلىرى چوغدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم، — دېدى پەرىشتە.

مەن پەرىشتىگە قاراپ:

— پۇلى بولمىسىمۇ كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان، يىغلىمايدىغان تىرىك ئادەمنى مەڭگۈلۈك دوست بولۇشقا تاللايمەن، — دېدىم.

پەرىشتە سۆزلىرىمدىن مەمنۇن بولدى بولغاي، نۇرلۇق چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن چۈش كۆرمەكتىمەن.

* * *

ھەر كۈنى سۈبھى سۈزۈلگەندە، مەن شەرقنىڭ ئۇپۇق گىرۋىكىگە قارايمەن. گىرىمسەن شولىلارغا تولغان ئۇپۇق چىرايلىق قىزنىڭ مەڭزىدەك قىزارغاندا، مەن بۇ دۇنياغا قايتا تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىمەن.

ئاھ، مەن چۈشۈمدىمۇ، ئويغۇمدىمۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان قۇياش. . .

* * *

«ناخشىلىرىڭنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسام، مەن بۇ دۇنيادا بەختلىكمەن.

* * *

مەن قۇم بارىخانلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەۋلىيا. مەن

دەھشەتلىك قۇم دېڭىزىدا ساناقسىز قۇملار بىلەن تىنماي ئېلىشىۋاتقان ئادەم.

* * *

مەن قۇياش بىلەن سىردىشىۋاتاتتىم. قاياقتىندۇر كەلگەن بىر توپ بۇلۇت ئۇنىڭ جامالىنى توسىۋالدى. مەن كۆز ئالدىمدىلا غايىب بولغان بىر ئەنگۈشتەرىمنى ئىزدەپ كۆككە يۈزلەندىم.

* * *

مەن ئەۋلىيا قەلەندەر بولۇشنى خالايمەنكى، ھەرگىزمۇ نادان باي بولۇشنى خالىمايمەن.

* * *

تىلىم دائىم روھىمنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى روھىم يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭ روھىدەك مەجرۇھ بولۇپ قالغانىدى.

* * *

قەدىمىي دېڭىزدىن ئۇيۇقتا چاچراپ چىققان تامچىلار مېنىڭ سۇكۇتتە پىنهان ئېيتقان ناخشىلىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىدە...

مۇھەببەتلىك قەلبدىن گۈزەللىك تۇغۇلىدۇ.

* * *

گۈزەللىك سەن گويا زۇمرەت دېڭىزدا بىر كۆرۈنۈپ بىر يوقاپ، قاياقتىدۇر ئىلگىرىلەۋاتقان يەلكەنلىك كېمە.

مەن يېشىل ساھىلدا كېگانت خادا تاشتەك ساڭا قاراۋاتقان مەجنۇن. مەن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، گۈزەللىك ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ ئۇخلىمايدىغان غېرىب.

* * *

مەن دۈشمەنگە تىزلىنىدىغان توشقان يۈرەكلىك ھەم دوست قېرىنداشلىرىمنى ساتىدىغان مۇناپىق دۈشمەنلىرىم ئارىسىدا ئەڭ ئۇلۇغ ئادەممەن.

* * *

يۈكسەك پەزىلەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا نادانلىق سۈتىنى ئەمگەن ئادەمدۇر.

* * *

جەننەت مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئارمىنىم، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ئارمىنىدۇر.

* * *

مەن يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە گۈزەل ئوي - پىكىرلىرىمنىڭ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ھۇزۇرلىنىمەن.

* * *

بېتخوۋېن بىلەن باخ ئۆز مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ دۇنياغا ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى نامايان قىلسا، پوشكىن بىلەن بايرونمۇ گۈزەل لىرىكىلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىدا پارلىدى.

مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇلاردىن تۆۋەن دېيەلمەيمەن، ئەمما ئۇلارغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن.

* * *

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يارقىن جىمىرلايدۇ. مەن زېمىندىكى يۇلتۇزلارنى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك يارقىن نۇر چېچىپ، ئەتراپنى نۇرلاندۇرۇشقا چاقىرىمەن.

* * *

كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتالىغان ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

* * *

جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ ئادەملەر ماڭا شۇنچىكى رەزىل بولۇپ كۆرۈندى.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۆزۈمنى قاراڭغۇلۇقتىن ئېلىپ چىققاندا، مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈندىم.

* * *

ئاياللارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانغان ئەرلەر ئۆز سىرلىرىنى مەخپىي تۇتىدۇ.

* * *

قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ تىكىنىدىن زېرىككەنلىكى ئۈچۈن بەختسىز.

* * *

ئادەملەر ماڭا شاراب تۇتتى، مەن ئۇنى ئۇن ـ تىنسىزلا ئوتلىۋەتتىم؛
دەل ـ دەرەخلەر ماڭا شاراب تۇتتى، ئۇنىمۇ گەپ قىلمايلا ئىچىۋەتتىم؛
ئوپۇق ماڭا شاراب تۇتتى، مەن تەكەللۇپ قىلمايلا ئوتلىۋەتتىم؛
قوياش، يۇلتۇزلار ماڭا شاراب تۇتتى، مەن بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاۋالقىدەكلا بۇ شارابىنىمۇ ئىچىۋەتتىم؛
دېڭىز، دەريا، كۆللەر ماڭا شاراب سۇندى، مەن بۇ شارابىنىمۇ ئىچىۋەتتىم.
قىزلار ماڭا كىرىستال جام بىلەن سۇپسۇزۇك شارابىنى تولدۇرۇپ قويدى. مەن خۇشاللىق بىلەن رەھمەت، دېدىم. مەن قولۇمدىكى لىق تولدۇرۇلغان مەينى ئىچىۋەتتىم، چۈنكى شاراب تۇتقان مەۋجۇداتلارنىڭ ماڭا بەرگىنى ئاچچىق شاراب بولماستىن،

بەلكى ئىزگۈ مۆھەببەت ئىدى.

*   *   *

مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا پاك تۇغۇلغان. ئۇ چاغدا مېنىڭ روھىم پاك ئىدى. مەن چوڭ بولدۇم، روھىمنى بۇلغىۋالدىم، زېمىن ماڭا نەپرەت ئوقى ئۈزدى، ئادەملەر ماڭا ھاقارەت ئوقى ئاتتى. مەن يۇندى ئازگىلىدەك مەينەت روھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئەتراپىمغا يېتىملەرچە تەلمۈردۈم. مەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن تەقۋادار كىشىلەرنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇلارغا: «ئەي، ھەق يولىدا ماڭغان ئۇلۇغ ئادەملەر، مېنى بۇ زالالەت كۆچىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىڭلار!» دېدىم. ئۇلار ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

*   *   *

قىزىلگۈل يەنە بىر گۈلگە قاراپ پىچىرلىدى:

— نادان نادانلىق كۆرسە غادىيامدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىر گۈل.

— بىزمۇ نادان بولغاندا بىر - بىرىمىزگە ئۆزىمىزنى ھاكاۋۇر قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىمىز.

*   *   *

مەن بىلەن سۆزلەشكۈدەك بىرمۇ ئادەم قالمىغاندا، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەمگە ئايلىنىمەن.

*   *   *

شاماللار توپىلىق يەردە جىمجىت ياتقان بىر يۇمران مايسىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سورىدى:

— سەن كىم بولىسەن؟

— مەن سولغان گۈل بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مايسا.

* * *

ئىمان ـ ئېتىقادى سۇسلاشقان خەلق مەرىپەتتىن يىراقلىشىدۇ.

* * *

بىزنى بۈيۈك كۈنلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان چاقىرىقلارغا قۇلاق سالىمىز.

* * *

مەندە تەڭرى نېسىپ قىلغان نۇرلۇق يۈرەك، جۇلالىق ئەقىل بار. مەن مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىم بىلەن مۇقەددەس قىبلىگاھىنى قۇرۇپ چىقىمەن.

* * *

قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئۇلۇغ دەريا بارلىقىنى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن قۇربان قىلغان گېگانت ئادەملەردەك ئۆلۈشنى خالايدۇ.

* * *

ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان ئېقىن قۇرتلاپ كەتكەن كۆلگە قاراپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

*　*　*

بولۇتنىڭ ئۈستىدە قانات قېقىۋاتقان بۈركۈت زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ: «سىلەر مېنى ئۈرۈق قىلىپ تېرىڭلار» دېدى، ئەمما ئادەملەر ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەنىدى.

*　*　*

مەن باشقىلارنىڭ ئازابى ئۈچۈن ياش تۆكۈشنى خالايمەن، باشقىلارنىڭمۇ مېنىڭ ئازابىمغا ياش تۆكۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

*　*　*

دوقمۇشتا سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان دېۋانە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— تەڭرى مېنى سەن قىلىپ ياراتسىچۇ، — دېدى. ئىت ئادەمنىڭ سۆزىگە ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— تەڭرى مېنى سەن قىلىپ ياراتقان بولسا، مەن ساڭا ئوخشاش بىچارىلەرچە تىلەپ يېمىگەن بولاتتىم. — دېدى.

*　*　*

بىز چۈشەنمەيدىغان ھەقىقەت چوقۇم ساختا ھەقىقەت.

*　*　*

غەم ـ قايغۇ قەلبىمدە گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئىسيان كۆتۈردى. مەن ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

سۈكۈت ھەم سەۋر قىلدىم. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا جىمىپ قالدى.

* * *

سەن بىر قىزنى سۆيسەڭ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىل، ئۇ سېنى سۆيسە قەلبىڭنى بەر.

* * *

سەن بىر قىزنىڭ قورۇپ قالغان كونا سۆگەت تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىك كۆز يېشى قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭدە، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سورىما، پەقەت تەسەللى بەرسەڭلا بولدى.

* * *

قىزلار ھاياتلىقنىڭ چىرىغى. بىز شۇ چىراغ نۇرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇلار ئۈچۈن ناخشا ئېيتىمىز.

* * *

زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىنى تۇتساڭ، ئۇ سېنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ؛ مۇناپىقلارنى دوست تۇتساڭ، ئۇلار سېنى رەسۋا قىلىدۇ.

* * *

ئەقىللىق ئادەم يالتىراپ تۇرغان شەمشەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئانا يۇرتى ۋە ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتىن قورقمايدۇ.

*   *   *

ئۇلۇغ دەريالار زېمىننىڭ ئاھۇ زارىنى ھەم خۇشاللىقىنى بىپايان دۇنياغا ناخشا قىلىپ چاچىدۇ.

*   *   *

راھەت جاپادىن سورىدى:
— سېنىڭ ئىگەڭ كىم؟
— مېنىڭ ئىگەم كەمبەغەل، — دەپ جاۋاب قايتۇردى جاپا.

*   *   *

سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى قىزغىن سۆيگەن چېغىڭدا، ئانا خەلقىڭ ئالدىدا ئۇلۇغ ھېسابلىنىسەن.

*   *   *

چۆل - جەزىرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قېرى توغراق ئۆزى ئۆسكەن يەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

*   *   *

مەن ياراتقان بايلىقىمنى ئۆز قولۇمدا تۇتۇپ قالالمىغانلىقىم ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ئىززەت ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالدىم.

*   *   *

زېمىننى قۇم باستى.
ئېھ زېمىن ئانا، غەزەپلىك بورىنىڭ بىلەن تاشقىنلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريالىرىڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇ رەزىل قۇملارنى ئۆز ماكانىغا سۈرگۈن ئەيلە. بىز باللار خاتىرجەملىك ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، بەخت قەسىرلىرىدە شادلىنايلى.

* * *

مەن «سەن» ياكى سەن «مەن» بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلمايمەن. سەنمۇ ئۆز ئورنۇڭدا تۇر، مەنمۇ ھەم شۇنداق ئۆزۈم بولۇۋېرەي.

* * *

دۇنيادا ھېچ كىشىنى ئۆزۈمدەك چۈشەنمەيمەن ھەم باشقىلارمۇ مېنى ئۆزىدەك بىلمەيدۇ.

* * *

سەن دۇنيادا ئۆزۈڭگىلا ئوخشايسەن، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاپ قالمايسەن.

* * *

تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئائىلىگە خوشاللىق ئاتا قىلغان بىر قۇشنى بۈگۈن بۇ يېزىدا قايتا ئۇچراتتىم. بۇ قۇش ماڭا قاراپ ئەلەملىك كۆز يېشى قىلدى ھەم ئۇچۇپ كېلىپ مۈرەمگە قونۇپ سايراشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قىرقىلغان پەي ـ قاناتلىرىنى سىلىدىم. ئۇ مۈرەمدىن پەسكە ئۇچۇپ چۈشۈپ، يۇمران ئۆسكەن مايسىلار ئارىسىدا كۆز يۇمدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردۇم، ئۇ ئويغانمىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ تېنى

شۇنداق چىرايلىق ئىدى. مەن ئۇنى قىزىلگۈل ئۇنگەن تۇپراققا دەپنە قىلدىم. باھارمۇ كەلدى، ئۇنىڭ يەرلىكىدىن گۈل ئۇندى. مەن ئۇ گۈلنى ئۈزۈۋالدىم ھەم كۆزۈمگە دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان دېرىزەمدىكى لوڭقامغا سېلىپ قويدۇم.

*   *   *

مەن سەۋر ـ قامەتلىك بىر قىز بىلەن تونۇشقاندا، كۆن ئۇپۇق سىزىقىدا يېلىنجاپ تۇراتتى. مەن ئۇ قىز بىلەن مۇھەببەت توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، ئۇپۇقتا تولۇنئاي بىزگە ھەمراھ بولدى. بىز كىچىك چىراغنى، تېپتىنچ دەريا ساھىلىنى، ئاسمانغا بوي تارتقان ئارچا دەرەخلىرىنىڭ تۇندىكى جىمجىت قىياپىتىنى، ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ سۇرلۇكلۇكىنى، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان توپىلىق يولنى، سۈكۈت ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەۋاتقان غېرىب كۆلنى، ئۇزاق تارىخنىڭ ئىزنالىرى بار مىڭلاپ مەدەنىيەت ئىزلىرى كۆمۈلۈپ قالغان چۆل ـ جەزىرە، مەزلۇم قۇملارنى سەيلە قىلدۇق. مېنىڭ سۆيگىنىمگە بولغان سۆيگۈم تېخىمۇ كۈچەيدى، ئېتىقادىم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. بىز بىرلىكتە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز توغرىسىدا مۇڭداشتۇق. ئۇ سۆھبەتدىن كېيىنكى قۇياشتەك ئوماققىنە كۈلدى. مەن ئۇنى باغرىمغا باستىم.

*   *   *

سەن ھۆكۈمران، مەن پۇقرا. مەنمۇ ھۆكۈمران بولسەن، سەنمۇ پۇقرا بولىسەن. پۇل، مەنسەپ، شان ـ شۆھرەت دېگەن نەرسە ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ قولىدا تۇرمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*   *   *

نىيىتى بۇزۇق، قارا كۆڭۈل ئادەملەر ئۆز ھاياتى ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىغا چاقچاق قىلىدۇ.

*   *   *

ئۇ دەريانىڭ ئۇ ساھىلى بىلەن يولغا چىقتى، مەن دەريانىڭ بۇ ساھىلى بىلەن سەپەرگە ئاتلاندىم. مەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، ئۇمۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، دەريامۇ ناخشا ئېيتتى. بىز بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ دەرياغا جۆر بولدۇق. بىز داغدام قەدەم بىلەن كېتىۋاتىمىز، يولىمىز قىسقارماقتا ئىدى. بىز ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ باردۇق. دەريامۇ ئۇ يەرگە باغرىنى ياقتى. بىزمۇ ئۇ يەرگە ئۆزىمىزنى ئاتتۇق، ئۇ بىز ئارزۇ قىلغان كۆل.

*   *   *

بەخت — قېچىپ يۈرگەن قىز. بىز ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆمۈچۈك توردەك چىغىر يوللارنى بېسىپ ئۆتىمىز.

*   *   *

ئەي ساھىبجامال قىز. مەن ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇپمۇ سېنى قىزغىنلىقتا تولغان يۈرىكىم بىلەن چاقىرىۋاتىمەن. مەن سېنى ھەۋۋا ئانامنىڭ باغچىسىدا كۆرگەن. كەل ئەزىزىم، بىز كەلگۈسىمىز ھەققىدە پىكىرلىشەيلى.

* * *

تەكلىماكان گويا بىر تولۇن ئاي. بۇ ئالەمدە مەندىن بۆلەك ھېچ كىشى ئۇنىڭ سۆيگىنى بولالمايدۇ.

* * *

قۇياش ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك نۇرلىرىنى ئۇپۇقتا ئۇزۇپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ توسۇۋېلىشىنى خالىمايدۇ.

* * *

سەپەرگە ئاتلاندۇق ئانا. سەن بىزنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ، بىزنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشىمىزنى تىلىگىن.

سەپەرگە ئاتلاندۇق ئانا. مۇشكۇلات داۋانلىرىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، گېگانت سۇمۇرۇغدەك قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتىمىز. بىز ئاشۇنداق غەيرەت ـ شىجائەت تولپارىغا مىنگەن باتۇرلار. بىز بەخت ئۇچۇن، غالىبىيەت ئۇچۇن ئۇچىمىز.

سەپەرگە ئاتلاندۇق ئانا. بىز ھامان غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىمىز. سەن بىزنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۈتۈۋال، بىز سېنىڭ باغرىڭدا بەخت قۇچايلى.

* * *

ئۇيقۇسىرىغان يۈرەكلەر ئۆلگەن يۈرەكلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىسى

*    *    *

كېتىۋاتىمەن. ئارمان ئىزدەپ يىراقلارغا، چۆل - جەزىرىلەرگە كېتىۋاتىمەن. كەچ كۈزنىڭ بىرىدە بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. بۇ شەھەر ھەقىقەت يوقالغان شەھەر ئىدى. مەن مەرمەر تاشلىق مۇنارلارغا مەست بولۇپ خېلى ئۇزاق يول يۈردۈم. بىر رەستىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر دەرۋىشنىڭ مەسچىت تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم:

«دوستۇڭغا ئۆلمەس مۇھەببىتىڭ بولسۇن. دۈشمىنىڭگە ئۆلمەس نەپرىتىڭ بولسۇن. خۇدا شۇنداق دېگەن. دوست بىلەن دۈشمەننىڭ چېگرىسىنى ئايرىش كېرەك.»

تار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭغا پۇل - مال تاشلىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى.

ئۇ بۇ زېمىنغا تىلەمچىلىك قىلغىلى كەلمىگەنىدى.

*    *    *

ساختىلىقنىڭ چىنلىقتا ئايلىنىشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئىككى يۈزلىمىچىنىڭ ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

*    *    *

قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىسەن قەدىرلىكىم، سېنىڭ نېمىگە شۇنچە شادلىنىپ كۈلۈۋاتانلىقىڭنى بىلمىدىم. سەن بۇلبۇل خەندان ئۇرغاندەك، قارلىغاچ سايرىغاندەك كۈلۈۋاتىسەن.

زېمىن، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار سېنىڭ نېمىگە بۇنچە شادلىنىۋاتانلىقىڭنى مەندىن سورىدى. مەن ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەي؟!

*　*　*

سەن قۇللۇقنىڭ رەزىللىكىنى بىلگەندە، ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلانغىن.

*　*　*

بۇ دۇنياغا ھەقىقىي ياشاش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئادەم ھەققانىيەت يولىدا پىداكار ئادەمدۇر.

*　*　*

مەن بىر قىزنى سۆيۈش ئۈچۈن ياخشى كۆرمەيمەن، پەقەت بىرگە ياشاش ئۈچۈن ئۇنى سۆيىمەن.

*　*　*

تىل - ھاقارەتنىڭ تۇزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان ئادەمدۇر.

*　*　*

مەن ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدا دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتىم.

*　*　*

ئېشەك كېچە - كۈندۈز خۇدادىن مۈڭگۈز تىلەرمىش، بۇغا ئۆزىنىڭ دەرەخ شاخلىرىدەك مۈڭگۈزىدىن بىزارمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

* * *

خۇدا مېنى باي قىلىپ يارىتىۋېدى، مەن كىشىلەرگە بىر پارچە نانمۇ سەدىقە بەرمىدىم.

خۇدا مەندىن بايلىقنى تارتىۋېلىپ، گاداي قىلىپ قويۇۋېدى، باشقىلار ماڭا ئاش - نان ھەدىيە قىلدى.

# سۆيگۈ تۇيغۇلىرى

بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلىك ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكتۇر.

* * *

ھايات يوللىرىنىڭ ياشلىق گۈلىستانىغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم، ھېسسىياتىم گۈلدەك پورەكلىدى. مەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يېشىللىققا پۈركەلگەن ئەگرى ـ توقاي دالىدا كېتىۋېتىپ، قەدىمكى توغراقزارلىققا كەلگەندە بىر قىزنى سۆيدۈم. ئۇ پەرىشتىلەردەك گۈزەل بولۇپ، لەۋلىرى قوقاسقا، چېھرى قاشتېشىغا ئوخشايتتى. مەن ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك داچا، مەرمەردىن ساراي، شەمشادتىن چاھارباغ بىنا قىلدىم، ئۇستۈنىشىغا ئالتۇندىن تاج، نازۇك بارماقلىرىغا ئالماستىن ئۈزۈك سالدىم. ئەپسۇس ئۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلاندىم. غېرىبلارچە يول يۈرۈپ، بىر ئارامگاھقا كېلىپ قاپتىمەن، ئەنە شۇ چاغدىلا ساقلىمىنىڭ تىزىمغا چۈشكەنلىكىنى بىلدىم. مەن بۇ قىسقىغىنا ھاياتتا بىر قىز ئۈچۈن شۇنچە بەدەل تۆلەشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

* * *

چىرايلىق قىزنىڭ بەختسىزلىككە يولۇقۇشى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ نابۇت بولغانلىقى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

ئەرلەر ئەقلىدىن ئازغان، ھوشىنى يوقاتقان چاغدا، ياشىنىپ قالغان مەزلۇملارنىمۇ «پەرىشتەم» دەپ چاقىرىدۇ.

*　*　*

تەڭرى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە تەقلىد قىلىپ ياراتتى.

*　*　*

بىر ئەما كىشى بىر بېجىرىم كىشى بىلەن سەندەل دەرىخىنىڭ ئاستىدا سۆھبەتلىشىپ قالدى.

— سىز بۇركۈت بولۇشنى خالامسىز، — دەپ سورىدى ئەما كىشى بېجىرىم ئادەمدىن.

ئۇ ئويلانمايلا:

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى ئەما كىشى ئۇنىڭ جاۋابىغا ھەيران قالدى بولغاي يەنە سورىدى:

— نېمىشقا كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى خالىمايسىز؟

بېجىرىم كىشى ئاخىر سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى:

— مەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان بۇركۈت بولۇشنى ئەمەس، ئانا زېمىننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەقىدە ھەم مۇھەببەت بېرىدىغان ئەزىمەت بولۇشنى خالايمەن.

*　*　*

سەندەل بازغان بولغىنىدا ئۆمۈرۋايەت سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكەن

بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئازابنىڭ دەردىنى تولىمۇ تارتقانىدى.

* * *

سەن قانىي ھاياتلىقنىڭ ئېنىرگىيىسى دەيسەن، مەن مۇھەببەت ۋە ئېتىقادنى ھاياتنىڭ يىقىلغۇسى دەيمەن.

* * *

سەن ئېيتىدىغان ناخشاڭ ئۆزۈڭنى خۇش ئېتىدىغان ناخشا، مېنىڭ ئېيتىدىغان ناخشام زېمىننى خۇش قىلىدىغان ناخشا.

* * *

بىر ئادەمنىڭ كەمتەرلىكى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدۇر.

* * *

ئېھ شامال، سەن نىجاسەت ئەخلەتلىرىنى يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىدىغان بول! بوران بولۇش ئۈچۈن تىرىش.

* * *

تەخسىكەشلەر: «رېئاللىقتا ياشاشنىڭ بىردىنبىر يولى مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك ئىكەن» دەپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ يولغا قەدەم ئالدى.

* * *

مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنىم ئاسمان ـ زېمىندۇر، ئاسمان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زېمىن تەڭرىدۇر.

مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنىم مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتتۇر، مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت تەڭرىدۇر.

مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنىم گۈزەللىك ۋە پاكلىقتۇر، گۈزەللىك ۋە پاكلىق تەڭرىدۇر.

* * *

ساراڭلارچە قىزغىنلىق ئەخمەقلىقتۇر.

* * *

سەن دۇنيانىڭ ئېشىدا تۇرۇپ دوست ۋە دۈشمەنلىرىڭنى پەرق قىلالمايسەن، ئۇلارنى ئايرىماقچى بولساڭ دۇنيانىڭ ئىچىگە كىرىشىڭ كېرەك.

* * *

مۇھەببەت بىر تۈپ دەرەخ.

مۇھەببەت — سەر خىل ئېچىلغان گۈل.

مۇھەببەت — مۇقەددەس ناخشا.

مۇھەببەت — ئازابلىق يۈرەكنىڭ قايغۇسى، ئارمانسىز قەلبىنىڭ شادلىقى.

مۇھەببەت — تۈننىڭ چىرىغى، كۈندۈزنىڭ ساياسى.

مۇھەببەت — كۆكتىكى شۇڭقار، سۇدىكى يەلكەن.

مۇھەببەت — قاراڭغۇ زىنداندا يېنىپ تۇرغان شام.

مۇھەببەت — ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ماگنىت.

مۇھەببەت — زېمىن...

مۇھەببەت — سەن ھەم مەن.

*  *  *

سەن دائىم باشقىلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمدىن ھۇزۇرلىنىسەن، ئەمما كىشىلەر سېنىڭ چېھرىڭدىن ھۇزۇر تاپىدىغان تەبەسسۇمنى كۆرمىدى.

*  *  *

ئېگىز ئۆسكەن غوللۇق بىر دەرەخنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. دەرەخ بۇ بىر تال يوپۇرمىقىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— كۆيۈمچان مېھرىبان، ساداقەتمەن بولغان بولساڭ، جېنىڭدىن ئايرىلمىغان بولاتتىڭ.

شۇ چاغدا بىر كالا ئۇنى دەرھاللا يەۋەتتى ـ دە، ئېگىز دەرەخكە قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

*  *  *

بىز ئىزدەۋاتقان بارلىق خۇشاللىقىمىزنىڭ يىلتىزى كۆرەش، ئويغاق ناخشا، شاۋقۇنلۇق سادا.

*  *  *

ئەگەر گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان چاھار باغقا كىرىپ قالساڭ، گۈللەرنى بەھۇزۇر پۇرىغىن، گوتقاشتەك بەرگىلىرىنى كۆزلىرىڭگە، يۈزلىرىڭگە سۈرتكىن، ئەمما ئۈزمىگىن. ئەگەر ئۈزۈپ سالساڭ باغۋەن سېنى كەچۈرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*   *   *

— سەن نېمىنى چۈشەيسەن؟ — دەپ سورىدى تاغ چۆلدەرەپ ياتقان قومۇلۇقتىن.

— مەن مېھرى ـ مۇھەببەتنى، ئەقىدىنى يوقىلىۋاتقان ئىمان ئېتىقادنى چۈشەيمەن.

*   *   *

سەن ھەمىشە «مەن قاچانمۇ ۋىسالغا يېتەرمەن» دەپ ھەسرەت چېكىسەن. ئېيتىپ باققىنا، ھەسرەت چېكىپ ۋىسالغا يەتكىلى بولامدۇ؟

*   *   *

ئەتىگەندىكى قىزىل شەپەق ھەۋۋا ئانامنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بىلەن سىردىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

*   *   *

دانىشمەن بىر مەيخۇمار دىن سورىدى:

— ھاراقنى نېمە ئۈچۈن ئىچىسەن؟

مەيخۇمار دانىشمەنگە شۇنداق دېدى:

— بىرىنچىدىن كىشىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇتۇش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن يۈرىكىمنى چوڭايتىش ئۈچۈن، ئۈچىنچىدىن مەغلۇبىيەتلىرىمنى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچىمەن.

مەس دانىشمەننىڭ ئۈستۈۋىشىغا بىر رەت قارىغاندىن كېيىن،

— سەن نېمە ئۈچۈن كىتاب قۇچاقلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

دانىشمەن كۈلۈپ قويدى، بىراق جاۋاب قايتۇرمىدى.
مەسمۇ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتمەيلا ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى.

* * *

ۋىجدانى مېيىپ روھىي ئۆلۈكلەر ھايات، مۇھەببەت، بەخت، ۋىسال، ۋىجدان توغرىسىدا ئېغىز ئاچسا، ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

* * *

چىرايلىق قۇش لاچىنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ جېنىدىن جۇدا بولدى. كىشىلەر لاچىننى ماختىدى، ئەپسۇس ھېچكىم بۇ چىرايلىق قۇشنىڭ ھالىغا ئېچىنمىدى.

* * *

ناكەس، ئىپلاس كىشىلەر دائىم ئۇلۇغلارغا توزاق قۇرۇشنى نىيەت قىلىپ يۈرىدۇ.

* * *

تۇتقۇن ئادەم ئۆزىگە ئەركىنلىك بەرگەن ئادەمنى مەڭگۇ سۆيىدۇ.

* * *

ھايات ئاسمانغا ئوخشايدۇ. ئاسماندىن قار ـ يامغۇر ياغقاندەك، ھەسەن ـ ھۈسەن پارلاپ قۇياش چىققاندەك، بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ يەنە تارىغاندەك، ھاياتىمۇ تۆت پەسىل ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

ئېتىقادنى بوغۇشقا ئۇرۇنغان ئادەم ئەڭ قەبىھ ئادەمدۇر.

* * *

مەن ھەق يولىدا كىشىلەرگە ھەقنى ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىۋاتقان دوستلىرىمغا شۇنداق دېدىم:

— ئېھ، سۇنماس چىنارلار، مەن سىلەرنىڭ مەڭگۈ ئاشۇنداق كۆكىرىپ، مەغرۇر ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

* * *

ھاياتلىق — ئېچىلمىغان غۇنچە، توزۇپ كەتكەن گۈل؛
ھاياتلىق — چىرايلىق بەخت ھەم ۋەيران بولغان تەخت.

* * *

مەن زېمىندىكى ئادەملەرنىي ھاياتنىڭ ئالتە كۇنلۇك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسىكەن دەيمەن.

* * *

ھاياتىمنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن ئەقىدە قىلىمەن.

* * *

تەڭرى شەيتاننى ئەقىللىق قىلىپ ياراتتى، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق قىلىپ ياراتقان ئادەمنى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەش دېمىدى.

سەن باشقىلاردىن ئەقىل ئۆگەنگىنىڭكى، ھەرگىزمۇ يول ئۆگەنمە. يول ئۆگەنسەڭ، ئۇلار مېڭىپ بولغان يولدا مېڭىپ قالىسەن ـ دە، يېڭىلىق يارىتالمايسەن.

*　*　*

مەن دانىشمەندىن سورىدىم:

— ئەي دانىشمەن بەزى ئادەملەر غالىبلىقى بىلەن خار، بەزى ئادەملەر مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۇلۇغ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

دانىشمەن مېنىڭ سوئالىمغا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— دۇنيادا ئىككى خىل ئادەم مەۋجۇت، بىر خىلدىكىسى ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى مەجبۇرىي بۇلايدۇ، كۆرۈنۈشتە غالىب كۆرۈنگىنى بىلەن ماھىيەتتە ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل ئادەملەردۇر؛ يەنە بىر خىلدىكىسى ئۆزىگە تېگىشلىك نەرسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئالىيجاناب ئادەملەردۇر.

*　*　*

يۇر ئامرىقىم، بىز گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان چىمەنلىكلەردىكى ئەركىنلىك، ھۆرلۇكنىڭ گۈزەل كۈيلىرىگە جۆر بولايلى.

*　*　*

ھەقىقەت گۈلى مەڭگۈ توزۇمايدۇ، توزۇپ كەتكەن ھەقىقەت ھەقىقەت بولالمايدۇ.

* * *

مەن تەڭرى ھېكمەتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بارلىق ئازابلىرىمنى ئۇنتۇيمەن. چۈنكى، بۇ ھېكمەتلەر قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىپ دىللارغا يورۇقلۇق بېرىدۇ.

* * *

مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس. سەن مېنىڭ قۇلۇم ئەمەس. سەنمۇ ماڭا يېقىنلاشما، مەنمۇ ساڭا قىزىقماي. بىز ياخشىسى ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەيلى.

* * *

مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى رەت كۆرۈشكەندە ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرى بىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىۋەتتى. ئارىدىن نەچچە باھار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن يەنە قايتا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قېرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا چىرايلىق ۋاقتىدىكى ئوماق كۆزلىرى بىلەن يېقىملىق قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا مۇلايىم باقتىم. بىز گۈدەكلىكتە ئات ئېتىپ ئوينىغان قېرى دوڭغاق سۆگەت سايىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تۈنۈگۈندىن بۈگۈنگىچە بولغان ھايات كىتابىنى ئۇزاق ۋاراقلىدۇق. ئۇ مۇلايىم كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ھاياتىدا بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى بىلدىم. مەنمۇ كۈلدۈم. ئۇ مېنىڭ كۈلكەمگە قاراپ بىر نېمىنى سەزگەندەك بولدى - دە، قۇلىقىمغا «مۇھەببەت قېرىمايدىكەن» دەپ شىۋىرلىدى.

* * *

چەت، ياقا ـ يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىر ئادەم دائىم «يەنىلا ئۆز ۋەتەن دېگەن ئۇلۇغ ئىكەن» دەيدىكەن. دېمەكچىمەنكى، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدىن ئۇلۇغ تۇتىيا بولمىسا كېرەك.

* * *

سەن مۇھەببەت ناخشىسىنى يېقىملىق ئېيتىسەن. مەن ناخشاڭنى سۈكۈتتا تۇرۇپ ئاڭلايمەن، لېكىن سەن مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتقان بىلەن يەنىلا تەنھالىقنى سۆيىسەن، يېنىڭدا يەنە بىرسىنىڭ ناخشاڭغا جور بولۇشىغا يول قويمايسەن.

سەن دائىم بۇ دۇنياغا يالغۇز تۇغۇلدۇم، ئەمدى بۇ دۇنيادىن يالغۇز كەتسەم، دەيسەن. يېگانە گۈل بولۇشنى خالايسەن.

سەن دائىم قىرغاقتا تۇرۇپ دېڭىزدىكى قولۋاق ئۈستىدە شاد ـ خۇرام ئويناۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ھەۋەس قىلىسەنۇ، ئەمما ئۆزۈڭ ئاشۇ قولۋاقتا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايسەن.

سەن دېڭىزغا چۈشكىن، دولقۇنلار سېنى چېنىقتۇرىدۇ. دېڭىزنىڭ شاۋقۇنى سېنى غەپلەتتىن ئويغىتىدۇ.

مۇشۇنداق قىلالىساڭ ئارمانغا يېتەلەيسەن، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيسەن.

* * *

كېچىنىڭ ۋەھىمىلىك تىۋىشلىرىدىن قورقۇپ كەتمە، قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان، زەن سېلىپ قارايدىغان بولساڭ ئەڭ ۋەھىمىلىك تىۋىش كۈندۈزدە، چۈنكى زالىملار، مۇناپىقلار كېچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇخلىغان بىلەن كۆندۈزدە ئۇخلىمايدۇ.

* * *

مەن قوڭۇر تۇپراقتىن سورىدىم:

— ئەي قوڭۇر تۇپراق سەن زادى كىمگە مەنسۇپ؟ ئۇ بىر پەس خىيالغا پاتقاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى:

— مەن كىم باتۇر ھەم ئەقىللىق بولسا شۇنىڭغا مەنسۇپ.

* * *

قۇرتقا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئادەمدۇر.

* * *

ئورمانلارنىڭ كۆي - ناۋالىرى ئۇلارنىڭ غەزەپ - چۇقانلىرىدۇر.

بىر توپ دەرەخ — بىر ئادەم.

* * *

دېڭىز شاۋقۇنى تېخى ھېچكىم ئېيتىپ باقمىغان چاقىرىق ناخشىسى، دېڭىز شاۋقۇنى تېخى ھېچ كىشى كۆرۈپ باقمىغان غەزەپ ۋە چۇقان.

* * *

ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ غۇبارسىز چاغلىرى مېنىڭ ئىمان گۈلىنى پۈرىغان ئائىلەمدە ئېتىبقاد

چىرىغىنى ياندۇرۇپ، پاكلىق ناخشىسى ياڭرايتقان ئاشۇ شېرىن مىنۇتلاردۇر.

* * *

قۇشلار ئۇۋا سالمايدىغان دەرەخ ئىنسانلارغا مۇھەببەت بىرەلمەيدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

* * *

بىز ئەقىلگە كەلگەندە مۇھەببىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

* * *

يۈكسەك ئېتىقادقا ئىگە ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قوغدىيالايدۇ.

* * *

مەن ئۆزۈم سۆيگەن قىزنى مەڭگۇ سەت دېمەيمەن، چۈنكى ئۇمۇ مېنى سۆيىدۇ ئەمەسمۇ!

* * *

قۇياش بولۇت ئىچىدە قالسىمۇ، ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋېرىدۇ.

* * *

مەن پەقەت رىزقىمغا چاڭ سېلىۋاتقان ھەم توپا چېچىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمگە ئۆز نەپرىتىمنى يوشۇرۇپ قالالمايمەن.

* * *

ئەي ئېتىقادىم، سېنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۈلكەڭ مېنىڭ بەختلىك هاياتىمنىڭ يېقىلغۇسى.

* * *

يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بۇركۇت قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان شىۋىرغانلىق ماكاننى كۆرۈپ شۇنداق دېدى:

— قېنى مېنىڭ زۇمرەت زېمىنىم، قېنى مېنىڭ گۈلدەك ۋەتىنىم، قېنى مېنىڭ چىرايلىق ئۇۋام.

* * *

ئادەم ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى تومۇزدا مۇزلايدۇ، يەنە بىرى قارا قىشتا ئىسسىيدۇ.

* * *

كۆزۈڭ ھەقىقەتنى كۆرسۇن، تىلىڭ ھەقىقەتنى سۆزلىسۇن، بىراۋ كۆزۈڭنى ئويۇۋېتەلمەيدۇ ياكى تىلىڭنى كېسىۋېتەلمەيدۇ.

* * *

خۇدا ماڭا: «سەن ھەقىقەت يولىدىن ئېزىپ كەتمە» دەپ نەسىھەت قىلدى.

* * *

روھىيىتى باي ئادەم باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاجىزلىق تونىنى كىيىپ باققان ئەمەس.

* * *

مېنى يۇرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھۆرمەتلەيدىغان ۋە بارلىقىنى مېنىڭ بۇگۈنۈم ۋە ئەتەم ئۈچۈن بېغىشلىغان ئادەم پەقەت مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، قېرىنداشىم ھەم ئايالىم.

* * *

ئانا — خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى.

* * *

ئۆزىنى قوغداشنى بىلگەن ئادەم ئالدىراپ ھالاك بولمايدۇ.

* * *

مەن ئۆزۈمنىڭ سۆيگەن ئادىمىم ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىتىمنى ئاشكارىلايمەن، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ يوشۇرۇن ئېيتقان ناخشام.

* * *

قۇرۇغان دېڭىز دائىم سۇ چۈشەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تادرېسى

* * *

سەن «بۇگۈن»نى قولدىن بېرىپ قويۇپ ياش تۆكۈۋاتىسەن، ياش تۆكۈشنىڭ ئۆزى «ئەتە»نىمۇ قولدىن بېرىپ قويغانلىق.

* * *

مۇبادا يۇلتۇز ئۆز ئەركىسىنى نامايان قىلالمىسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يوقىتىش.

* * *

ئەي ئۇلۇغ دەريا، لەرزان دولقۇنلىرىڭغا مەستخۇش بولغان شائىرنىڭ ناخشىسىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كەتكىن. ئۇ قاغجىراپ كەتكەن گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەتلەشسۇن.

* * *

تۈن يامغۇرلىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىسى بىلەن مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ يامغۇرنىڭ تۆكۈلۈكۈمدىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.

* * *

مەن ناخشا ئېيتسام باشقىلار قۇلاق سالمىدى، يىغلىسام باشقىلار قاراپمۇ قويمىدى. ناخشام بىلەن غەم ـ قايغۇم خۇددى كەچكى گۈگۈمدەك قەلبىمدە سۇكۈتكە چۆمدى.

*   *   *

قەلەندەر بىر ئۆمۈر تىلەپ يەيدۇ،
ئالىم بىر ئۆمۈر ئىزدەپ يەيدۇ.

*   *   *

سەن ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئىزدىمەكچى بولساڭ، ئۇلارغا ئىمان ۋە ئېتىقادلىق قەلبىڭنى ئېچىپ بەر.

*   *   *

ياز كۈندىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىرىلداشلىرى قىزلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.
كۈز كۈندىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئىگىسىز قالغان بالىلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

*   *   *

قىش كۈندىكى دەريا سۈكۈتكە چۆمگەن ھەققەتچىگە ئوخشايدۇ، ياز كۈندىكى دەريا ئەركىنلىك ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەن قەھرىمانغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۇچۇۋېرىڭلار قۇشلىرىم. . .

— ئېھ، قىش قۇشلىرى، سىلەر دائىم باھارنى سېغىنامسىلەر؟ — ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى، چۈنكى ئۇلار باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

* * *

دەريا دولقۇنى ئۆز ساھىلىدىكى يۇمران قىياقلارنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ناخشا ئېيتىشقا چاقىرىدۇ.

* * *

مەن مەڭگۈتاشتىن بىر چاغلاردىكى سىماسىمنى كۆردۈم. لېكىن، بۈگۈنكى سىياقىم تاشلاردىكى غالىب سىماسىمغا ئەسلا ئوخشاشمايتتى.

* * *

قولۇمدا چىراغ، قاراڭغۇدا قالدىمغۇ بىراق.

* * *

بىچارە ئادەملەر بىزگە ساختىلىق بىلەن خۇشامەت قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ناخشىسىدىن ھۇزۇرلانغان چېغىمىزدا، ئۇلار ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

*　*　*

بىز ھەممىمىز بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، بىراق بەختنىڭ ئالدىمىزدىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالىمىز.

*　*　*

بۈركۈتكە پەرۋا قىلماي كەتمەيدىغان قۇشنىڭ قەلبىدە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

*　*　*

بىز سەپەرگە ماڭغان كارۋانلار، يىراق بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كېلىڭلار قېرىنداشلىرىم بىز بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئۇ مەنزىلگە يېتىپ بارايلى.

*　*　*

دېڭىز — كىتتنى يۇتۇۋېتىشنى ئويلايدۇ، كىت بولسا دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىنى يۇتۇۋېتىشنى خىيال قىلىدۇ.

*　*　*

يىراقتىكى مەيىن شامال، يىراقتىكى دەريا شاۋقۇنى، يىراقتىكى دېڭىز دولقۇنى. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قەلبىم.

*　*　*

كۆندۈز كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىم، ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان بىر ئادەم تۇراتتى.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم. ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزىدىن ھەسەت، لەۋلىرىدىن قان تاماتتى.

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىم، ئۇ ئادەم زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۈستىگە گىرە سېلىۋالغانىدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم، مەن زېمىننى دەريا ـ دەريا قان ئىچىدە كۆردۈم.

كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم، كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى قاراڭغۇلۇق بولدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە روھىمنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئەي يۇلتۇز، سەن بىزنىڭ روھىمىزنى جۇشقۇن نۇرلىرىڭ بىلەن سۆيۈپ ئۆتۈپ كەت. روھىمىز يىتتۈرۈپ قويغان نۇرلىرىنى تېپىۋالسۇن.

* * *

بورانىنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى بوۋاقنىڭ يىغىسىدىن ياڭراق بولغىنى بىلەن بوۋاقتەك مېھىر ۋە ئىللىقلىق بېرەلمەيدۇ.

* * *

مەن زېمىنغا قۇرت بولۇپ تۇغۇلدۇم. زېمىن ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەردى. مەن ئادەمگە ئايلاندىم.

* * *

ھەقىقەت يولىدىن قايتماسلىق مېنىڭ ئەخلاقىم، مېنىڭ

مەڭگۈلۈك يولۇم.

* * *

قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدىكى مىسكىنلىكىم غىمىم ئەمەس.
چۈقان ـ سۈرەن ئىچىدىكى جىمىغۇرلۇقۇم ئاجىزلىقىم ئەمەس. جىمىغۇرلۇقنى ئاجىزلىق، مىسكىنلىكنى غەم دېگۈچىلەر نېمىدېگەن بىچارە، دۆت ئادەملەر ـ ھە!

* * *

نامراتچىلىق قايغۇسى دۇنيادىكى بارلىق قايغۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ ئەلەملىك قايغۇدۇر.
مۇھەببەت قايغۇسى ئالەمدىكى قايغۇلار ئىچىدە، ھاياتقا ھۇزۇربەخش ئېتىدىغان ھاياتلىق قايغۇسىدۇر.

* * *

تەركىدۇنيالىق ئۆز ـ ئۆزىنى زورلاپ ساراڭ قىلىشتۇر.

* * *

قورسىقى ئاچ قالغان ئادەم بىلەن مەھبۇس خۇدانى ئەڭ كۆپ ياد ئېتىدۇ.

* * *

خۇدا — كۆرگىلى بولمايدىغان ھەقىقەت، لېكىن ئۇ بىزنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

*  *  *

دىن — ئىنسانىيەتنىڭ تۈنجى ناخشىسى.

*  *  *

گۈل — تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل قەلبى، ئۇلار زېمىننىڭ مۇھەببىتى ۋە ئانىلارنىڭ شەپقەتلىك نۇرى ئىچىدە يېتىلىدۇ.

*  *  *

باھارنىڭ كۆزى قورام تاشنىڭ چوڭقۇر قەلبىگە يوشۇرۇنغان كىچىككىنە ئۇرۇقنىمۇ كۆرەلەيدۇ.

*  *  *

سىلەر ئەڭ پاك نەرسىنى ئىزدىمەكچى بولساڭلار، ئۇنداقتا بالىلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار. بالىلار ئەڭ پاكتۇر.

*  *  *

مۇھەببەت مېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدى. مەن ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.
مۇھەببەت يۈزۈمنى سۆيدى، يۈزۈمدىن تەبەسسۇم تۆكۈلدى.
مۇھەببەت كۆزۈمنى ئاچتى، كۆزۈم ھەقىقەتنى كۆردى.

*  *  *

تومۇردا ئاققىنى قان ئەمەس، كۆزۈمدىن تامغىنىمۇ ياش ئەمەس. ئۇ قان بىلەن ياشتىن تۇغۇلغان بىر لىرىك ناخشا.

* * *

ئاجىزلىق قۇللۇق دېمەكتۇر. ئۇنى كىشىلەر خالىغانچە بويسۇندۇرالايدۇ.

* * *

ئايالالارنى خورلاش بالىلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت.

* * *

گاس — ھاقارەتنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈكتۇر. كور — ھەقىقەتنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن خاردۇر.

* * *

بايلارنىڭ سارايلىرىدا يانمىغان ئوت، كەمبەغەللەرنىڭ كەپىلىرىدە يانىدۇ.

* * *

ياۋاشلىق — دەرەخكە ئوخشايدۇ. قۇشلار ئۇنىڭغا قونۇپ ئۇۋا سالالايدۇ، خالىسا يەنە ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتەلەيدۇ.

* * *

ھايات — سەن چىن قەلبىڭدىن سۆيگەن قىز. ئۇنىڭغا سۆيگۈڭنى بەر، ئۇ سېنى گۈزەل ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن ياشنىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*   *   *

شائىر — ئۆزى خالىغان ئېقىندا ئاقالمىغىنىدا، قەلبىدىكى ئاراللىرىدىكى ئازاب تورانلىرى تورۇپ كەتكەن بولاتتى.

*   *   *

كۆپ يىگەنلەردىن ھەزەر قىل. ۋاقتى - سائىتىگە كەلگەندە، ئۇلار سېنىمۇ يەپ قويۇشتىن يانمايدۇ.

*   *   *

بىر قىز ئۆزى ئۇچۇن، باشقا ھەممە قىزلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان يىگىتكە ئېرىشەلەرمۇ؟

*   *   *

ھاياتقا قارا كۆزئەينەك بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىرىدىن ئازاب ئۆكسىمەيدۇ.

*   *   *

ھايات — بىز ھەقىقىي سۆيۈشكە تېگىشلىك ئايالغا ئوخشايدۇ. بىز ئۇنى يۈكسەك مۇھەببەت ۋە ئەقىدە بىلەن سۆيسەك، ئۇ بىزنى مەڭگۈ زېرىكتۈرمەيدۇ.

*   *   *

سۆيگۈ بار ئائىلە گۈلىستاندۇر.

* * *

قەلەندەرگە بېرىدىغان پۇلنى كوچىغا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىۋالسۇن.

* * *

يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمىزنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمىزغا شۇنداق يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇدۇل يەتكىلى بولمايدۇ.

* * *

چوڭقۇر ھاڭلارغا مەغرۇر ھالدا كۆز تاشلايدىغان بۈركۈت، پايانسىز قۇملۇقنى بويسۇندۇرغۇچى تۆگە، ھەممە نەرسىگە مەردانە قارايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش يۈكسەك ھايات ئىگىلىرىدۇر.

* * *

سېنى بۈيۈك بىر يولغا باشلىمىغان ھەقىقەتكە ئىشەنمە.

* * *

مەن گۈل بەرگىلىرىنى ئېتىكىم بىلەن يىپپىۋالساممۇ، بۇلبۇل بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي سايراۋەردى.

ئەسلىدە بۇلبۇلنىڭ تەشنالىقى گۈلنىڭ چىرايلىق بەرگىلىرىدە بولماستىن، بەلكـى ئۇنىـڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈۋاتقان خۇش پۇراقلىرىدا ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

مەن مەڭگۈ پەرداز قىلمايدىغان، مەڭگۈ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ھەقىقەتنى سۆيىمەن.

* * *

ئادەمنىڭ جېنى ئۇنىڭ تىلىدا.

* * *

ھىجران دەشتىدە چەككەن رىيازەتنىڭ سېنى ئويغىتىدۇ. ۋىسال گۈلزارلىقىدا چەككەن ئازابلىرىڭ سېنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

* * *

گۈزەللىك ـ مۇھەببەتتۇر، مۇھەببەت بولسا گۈزەللىكنى ئاپىرىدە قىلغۇچى.

* * *

كۆڭلىمىز — دېڭىز، سۆزلىرىمىز — يۇلتۇز. ھالبۇكى، بىز قولۋاق ھەيدىيەلمەيمىز، نۇرلۇق چاقنىيالمايمىز. بۇ نەقەدەر ئەپسۇسلىنارلىق ـ ھە!

* * *

سان ـ ساناقسىز شاماللار ھەر تەرەپلەردىن كېلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلەشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بىر بورانغا

ئايلانغانلىقىنى كۆردى.

* * *

دۇنيادىكى رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكتىن نەپرەتلەنگەن ئادەم مېھىر - مۇھەببەتنى ۋە گۈزەللىكنى سۆيگەن ئادەمدۇر.

* * *

كۆيۈنۈش تەسەللى ئەمەس، بەلكى قۇتقۇزۇپ قېلىشتۇر.

* * *

نۇرغۇن نەرسىلەر بۇيۇك سادالارنى چىقارغىنى بىلەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەملەرنى ئويغىتالىشى ناتايىن.

* * *

ھاياتنىڭ يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىغا باغلىق.

* * *

سېنىڭ مەڭگۈ ئەسلىشىڭگە لايىق ئادەم سەن ئىشەنگەن ئادەم ئەمەس، بەلكى ساڭا ئىشەنگەن ئادەمدۇر.

* * *

كۈرەش ھەم زىددىيەت بىزنى ئويغىتىدۇ. بىز ئويغاغلىق ئىچىدىلا ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى تېتىيالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

جەننەت بىزنىڭ ئەقىدىمىز ۋە يۈكسەك ئېتىقادىمىزنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى.

*　*　*

ھايات بىزنىڭ ئەقىدىمىز ۋە مۇھەببىتىمىز بىلەن گۈزەلدۇر.

*　*　*

باغلاقتىكى ئېتىمدىن: «سېنىڭ نېمە ئارزۇيۇڭ بار» دەپ سورىسام، ئېتىم: «ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمەكچى بولساڭ، مېنى باغلاقتىن يېشىۋەت» دېدى. مەن ئۇنى ئارزۇيىغا يەتكۈزەلمەيتىم، چۈنكى مېنىڭ ئىگەم بار ئەمەسمۇ؟

*　*　*

مەن قەپەستىكى تۇمۇچۇقتىن: — ئەي تۇمۇچۇق سەن بەختلىكمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— مەن ئۇخلاپ قالغاندىلا بەختلىكمەن.

*　*　*

قەلبىڭ جاننى ھوزۇرلاندۇرالايدىغان مەيىن شامالغا، كىشىلەرنىڭ چاڭقاشلىرىنى قاندۇرالايدىغان ئابىھاياتقا ئايلانغاندا، بىز سېنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز.

*　*　*

پۇل — بەخت ھەم ئامەت،
پۇل — تەخت ھەم ئابەت.

*　*　*

پۇل ئۇچۇن كېچە - كېچىلەپ باش قاتۇرغۇچىلار ئۆز كۇندۇزلىرىنىڭ نۇرانىلىقىدىن بەھرە ئالالمايدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز بىچارىلەر - ھە!

*　*　*

قاراڭغۇدا تەمتىرەپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆرمەسلىككە سېلىۋالىدىغان ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش ئادەم بولسا كېرەك.

*　*　*

دىن — تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى، چاقىرىقى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى.

*　*　*

بىز بىر - بىرىمىزدىن ھەقىقىي زوقلانغان چېغىمىزدا، بىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىمىز.

*　*　*

سۆيگۈنۈم ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى مېنىڭدىن يوشۇرمىغاندا، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى ئادرېسى

* * *

مېنىڭ ئازاب بىلەن شادلىقىم ھەر قەدىمىدە ئۆزىنىڭ ئەينەك رومكىلىرىنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ ماڭىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدۇر.

* * *

ماڭا كەلگەن بەخت ـ ئامەت مېنىڭ مەڭگۈلۈك شادلىقىم ئەمەس، غەم ـ قايغۇم مېنىڭ مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيىتىم ئەمەس.

* * *

سەن بېسىپ بولالمىغان يولنى پەرزەنتىڭ داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.

* * *

بىز ھاياتنى چۈشەنمىسەك ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز.

* * *

مەن ئالدىغان قىز مېنى ئەڭ ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، لېكىن مەن ياخشى كۆرگەن قىزمۇ مېنى ئالدىغان قىز بولۇشى مۇمكىن.

* * *

پۇل ۋە مال ـ دۇنيا مېنى شەرمەندە قىلدى، چۈنكى مەن ئۇنى ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتنىڭ خەيرلىك يوللىرىغا سەرپ قىلمىغانىدىم.

* * *

ھەقىقىي سۆيۈش غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

* * *

ھاياتلىق يولىدىكى رىيازەتلەرگە سەۋر قىلالىغان ئادەم ئىتىقادى مۇستەھكەم ئادەمدۇر.

* * *

دانالىق — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، خۇدا بۇ خىل ئىلتىپاتنى پەقەت ئىمان ـ ئىتىقادى مۇستەھكەم ئادەمگىلا نېسىپ قىلغان.

* * *

توخۇمدىن ئەمدىلا چىققان چۈجە ئالەمنىڭ چوڭلىقىغا ھەيران قالدى.

ئانا باغرىدىن تۇنجى كۆز ئاچقان بالا ئالەمنىڭ تارلىقىدىن زار ـ زار يىغلىدى.

* * *

قىزلارنىڭ دەرد ـ ئەلىمى دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سارغىيىپ غايىب بولىدۇ.

يىگىتلەرنىڭ دەرد ـ ئەلىمى دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

مەجبۇرىي سۆيۈش مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئۇ هاياتقا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

*   *   *

قىزلارنىڭ قەلبىدە ئېچىلغان ئەقىدە — مۇھەببەت گۈلى لامزەللە ئەرلەرنىڭ قولىدا توزۇپ كېتىدۇ.

*   *   *

ياخشى كۆرۈپ قېلىش سۆيۈش ئەمەس، سۆيۈش ياخشى كۆرۈشتۇر.

*   *   *

ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن ۋاز كېچىش كېرەك.

*   *   *

ئالەمدىكى ئەڭ كۈچلۈك نەرسىمۇ مۇھەببەت، ئەڭ نازۇك ۋە ئاجىز نەرسىمۇ مۇھەببەت.

*   *   *

ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەرلا ئۆزى سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارغا سۆيدۈرمەيدۇ.

* * *

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك — ۋەتەنسىزلىك.
ئەڭ چوڭ ھىجران — ئۆزى سۆيگەنگە ئېرىشەلمەسلىك.

* * *

توغرا تاللاش ئادەمنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

* * *

چۈشكۈنلىشىشنىڭ كەينىدە ئۆلۈم بار، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم ئۇچۇن تولىمۇ مەنىسىز ئۆلۈم.

* * *

سەن ئالدىڭنىلا كۆرسەڭ، دۇنيا ساڭا شۇنچە كىچىك كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ماماتىمغا دەيدىغانلىرىم. . .

كائىناتنىڭ يۇزىدە پارلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار ئادەملەرنىڭ جىدەل ـ ماجرالىرى ۋە ۋاراڭ ـچۇرۇڭلىرىدىن زېرىكتى. ئادەملەر بولسا يۇلتۇزلارنىڭ جىمجىغۇرلۇقىدىن سۆيۈندى.

* * *

مەن ئايالىم ئالدىدا نىقابسىز، بالىلىرىم ئالدىدا مەڭگۈ سىرلىق.

* * *

ھەقىقەتنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بارلىقىنى ئاتاش زۆرۈر. ھەقىقەتنى پەقەت ئېغىزدىلا سۆزلەش ئۇنى سۆيگەنلىك بولمايدۇ.

* * *

ئىنسان ئۆز ھايات يولىدا سايىدەك بىردەم چوڭىيىپ، بىردەم كىچىكلەپ تۇرىدۇ.

* * *

مەن گۈللەرگە قولۇمنى ئۇزاتتىم، گۈللەر ماڭا خۇش پۇراق قاچىلانغان شىشە قۇتا بەردى.

مەن يامغۇرغا قولۇمنى ئۇزاتتىم، يامغۇر ماڭا دانە ـ دانە

ئۈنچىلىرىدىن بىر تىزىق يارماق بەردى.

مەن ئاسمغانغا قولۇمنى ئۇزاتتىم، ئۇ ماڭا مەن كۈتكەن نەرسەمنى بېرەلمىدى.

تەبىئەتنىڭ شادلىقى ۋە غەم - قايغۇسى بولمايدۇ.

ئۇلۇغ ئادەم بەختسىزلىك ئىچىدىمۇ ھاياتنىڭ بۈيۈكلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

* * *

يوپۇرماقلارنىڭ ئۈنسىز پىچىرلاشلىرىغا جىمجىت قۇلاق سال، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىدۇ.

* * *

چاڭقاپ كەتكەن قەلب ئېتىزىڭغا سۇ باشلىغان ئايالىڭ بالىلىرىڭنىڭ قەلبىگىمۇ مۇھەببەت بېرەلمەيدۇ.

* * *

كۈلۈپ بەر ئەزىزىم، مەن بۇ بۈيۈك مۇزىكىدىن ھوزۇر ئالاي.

يىغلاپ بەر دىلبىرىم، مەن بۇ جۇشقۇن ناخشىدىن ئۇيقۇمنى ئاچاي.

* * *

سەن ئۆزۈڭگە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئاسان مەغلۇپ بولىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

مۇھەببىتىم پەقەت قەلبىم ئوربىتىسىدىلا ئەركىن ـ ئازادە ئايلىنىپ يۈرەلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھۆرلىكىدىن سۆيىنىدۇ.

* * *

مەن قىزلاردىن سورىدىم: «ۋۇجۇدۇڭلاردا نېمە بار؟»
بىرى: «مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئەلەملىك ھەسرەت، توسقىلى بولمايدىغان نەپرەت بار» دېدى.
ئىككىنچى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا مەن سۆيگەن مۇھەببەت بىلەن ئالەمچە شاد ـ خۇراملىق بار» دېدى.
ئۈچىنچىسى بولسا ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان جاۋابنى بەردى: «مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ۋەتەنگە مۇھەببەت، ئەلگە ھۆرمەت، دوستلارغا شەپقەت، دۈشمەنگە نەپرەت بار».

* * *

كىچىك ئۆستەڭ «مەنمۇ مەنزىلىمگە يېتەرمەنمۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ.

* * *

يامغۇر تامچىلىرى: «بىز ئۆز خۇشاللىقىمىزنى يۇمران مايسىلارغا بېرىمىز» دەپ پەخىرلىنىدۇ.

* * *

نامراتلىق مېنى خورلىۋىدى، مۇھەببەت مېنى قۇتقۇزۇپ

قالدى.

* * *

ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى نۇر چاچىدۇ. قارا كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ھامان قاراڭغۇلۇققا دۇچار بولىدۇ.

* * *

مۇبادا قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاسماننى ماكان تۇتسا، ئۇ ئۇچچىغا چىققان دۆتلۈك بولىدۇ. مۇبادا ئاسماننى تەرك ئېتىپ ئۇۋىلىرىدىن چىقمىسا، بۇمۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ.

* * *

مەن كىچىك بىر قۇشقا قاراپ:

ئەي كىچىك قۇش، جۇغۇڭ كىچىك بولغىنى بىلەن سەنمۇ ئۆز ئۇۋاڭنىڭ ئىگىسىسەن — دېدىم.

* * *

يۇمران مايسىلار چوشقا تۇۋىقىنىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان چوشقىلارغا قاراپ: «بىز تېخى ھايات» دېدى.

* * *

نۇرلۇق قۇياش شامغا شۇنداق دېدى: «ئەي شام، ھەرقانچە كۈچلۈك نۇر چاچقىنىڭ بىلەن مېنىڭ ئورنۇمنى باسالمايسەن».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شامىۋ قۇياشقا قاراپ شۇنداق دېدى: «سېنىڭ نۇرنۇڭنىڭ باسالمىغىنىم بىلەن مەن زۇلمەت كېچىنى يورۇتىمەن، ئەمما سەن ئۇنداق قىلالمايسەن.»

* * *

زېمىننىڭ قەلبىدىكى ئوت مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايدۇ.

* * *

كۆچلۈك شىۋىرغان زېمىننىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى. ئۇ خۇددى بىر مىللەتنىڭ ئىسيانىغا ئوخشايدۇ.

* * *

ھەشقىپىچەك گۈللىرىنىڭ قۇياش نۇرىغا تەلپۈنۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ بورۇختۇرمىلىق ئىچىدە ياشاشنى خالىمايدۇ ـ دە.

* * *

گۈزەل مۇزىكا پاك قىزلارنىڭ ئوتلۇق ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

* * *

كۆزلىرىم بۇ دۇنيانى ھەقىقىي كۆرگەن، شۇڭا، تىلىم بۇ دۇنيا ھەققىدە ھارماي سۆزلەيدۇ.

*   *   *

دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۆز شاخلىرىدىن غۇلاپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە قېقىندا ـ سۇقۇندا بولغان مىنۇتلىرىدا ئۆز ۋەتىنىنىڭ بىر دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

*   *   *

ئۆز مۇھەببىتىنى پەقەت بىرسىگىلا بەرگەن ئادەم تېخىمۇ ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇپ كېتىدۇ.

*   *   *

تەگرى يولىدا سەپەر قىلغان ئادەم ئۆز ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكەن ئادەمدۇر.

*   *   *

يورۇقلۇقتا يۈرگەن ئادەم زۇلمەت ۋە مۇدھىش كۈنلەرنى خىيال قىلمايدۇ.

*   *   *

رىيازەت چەكمىگەن ئاشىق مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدۇ.

*   *   *

ئايال تەبەسسۇم قىلسا، بالىلار شادىمان بولىدۇ، ئەر تەبەسسۇم قىلسا، ئائىلە بەخت قۇچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ھالال قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن مال ـ دۇنيا مۇھەببەت بىلەن ئېخىمۇ بەرىكەت تاپىدۇ.

* * *

ھايات يولۇڭدا بىر ەر خادا تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتسەڭ، بۇنى خادا تاشتىن كۆرسەڭ بولمايدۇ.

* * *

جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداش مۇمكىنكى، قارا تۆھمەتلەرگە چىداش مۇمكىن ئەمەس.

* * *

ھاياتلىق بىر ئېقىن دەريادۇر. ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزۈڭ تىزگىنلىمىسەڭ، ئۇ كۆزۈڭدىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا غايىب بولىدۇ.

* * *

ئاشىقلىق — سەۋدايىلىقنىڭ تۇنجى قەدىمى.

* * *

كىچىك قۇلۋاق ھەيۋەتلىك كېمىگە قاراپ: «مەنمۇ ساڭ ئوخشاش دېڭىزدىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقالايمەن» دېدى. كېمە

كىچىك قولۋاقنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى.

* * *

ھەقىقەتچى شائىرنىڭ قەلبى خادا تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك بوران - چاپقۇن ۋە تەلۋە دولقۇنغا دۇچ كەلسىمۇ، قىلچە تەۋرەنمەيدۇ.

* * *

ئايرىلىشنىڭ ئانچە زېپىنى بولمىسا كېرەك. ئايرىلىش ئارقىلىق ئاجايىپ ئەقلىگە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

* * *

كۈرەش قىلىش — ئۆزىنى تونۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

* * *

ئادەم ئۆز ئەمگىكى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ۋە مۇھەببىتى بىلەن زەپەر قۇچىدۇ.

* * *

زېمىننىڭ ئاچ - كۆزلۈكى ئادەمنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە يەتمەيدۇ.

* * *

مەن ئالدىمغا قاراپ ئىلگىرىلىدىم. جىن - شەيتانلار ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈردى. مەن ئۇلارغا قىزىقمىدىم، ئۇلار ئاخىر كۆزۈمدىن

غايىب بولدى.

مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم، شۇنچە ھېرىپ كېتكەن بولسامۇ، قەدەملىرىمنى توختاتمىدىم. ئۇلۇغ بىر مەنزىل مېنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

* * *

قايغۇ ۋە خۇشاللىق مېنىڭ ئەڭ يېقىن سۆھبەتدىشىم.

* * *

ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا سېنى ھەددى ـ ھېسابسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن.

ھەددى ـ ھېسابسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت سېنى كۆتۈلمىگەن ئۆلۈمگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن.

* * *

مۇھەببەت — مەڭگۈلۈك تىلسىم. ئىنسانلار بىردەم ئۇنىڭ ئىچىدە، بىردەم تېشىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكىگە كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالىدۇ.

* * *

خۇدا پاك بولغاچقا، ئۆز بەندىلىرىنىڭ پاك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

* * *

ئائىلىگە قىلىنغان تۆھمەت ئاق قەغەزنى قارا سىياھ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىغانغا ئوخشاش.

ئەرگە قىلىنغان تۆھمەت سۇ يۈزىگە خەت يازغانغا ئوخشاش.

*　*　*

ئاسماندىن زېمىنگە چۈشكەن مۇھەببەت زېمىندە دەرەخ بولۇپ كۆكلىدى.

*　*　*

مۇھەببەت ئازابى نامراتلىق ئازابىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

*　*　*

قولۇقىم خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەندە، مەن قۇلۇقاق شېلىغا ئېسىلىۋالدىم. دېڭىز دولقۇنى بىر چۆكتۈرۈپ، بىر لەيلىتىپ، ئاخىر قىرغاققا تاشلىدى. نېمجان تىنىم ئاستا مىدىرلىدى، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇلۇلە قاپلىرى تىرىكلىكىم ئۈچۈن ناخشا ئېيتتى.

*　*　*

ئەي مۇھەببەت، مەن ئايىغىڭغا تىزلاندىم. سەن مېنىڭ ھاياتىمغا گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىنى بەر.

*　*　*

ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئادەم باشقىلارنىڭمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

* * *

مەيىن شامال يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆتكەندە، يوپۇرماقلار ئۇسسۇلغا چۈشتى.

شامال يوپۇرماقلاردىن ئايرىلغاندا، يوپۇرماقلار چەكسىز سۈكۈتكە غەرق بولدى.

* * *

قورقۇنچاق دائىم ئۆز ۋىجدانىنى سېتىپ خەجلەيدۇ.

* * *

مەن ئامراق ئادىمىم ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاشكارىلاشنى خالايمەن. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا مەڭگۈ سىرلىق تۇيۇلىدۇ.

* * *

ھەقىقەتنىڭ ساپ نۇرى بولمىغىنىدا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت قاراڭغۇ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بولاتتى.

* * *

بەختسىز ئاياللار ئۆز تەبەسسۇمى بىلەن قەلبىدىكى جاراھەتنى يوشۇرۇشقا ئورۇنسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

* * *

مەن داۋراڭسىز ئادەم بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن.

جىمىغۇرلىقىم مېنى ھەممىدىن ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلدى.

* * *

— ئەي چىراغ كۆتۈرۈپ ماڭغان قىز، سەپىرىڭ قەيەرگە؟
ئۇ جىمجىتلا كېتىۋەردى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۇ كەينىمگە قاراپمۇ قويماستىن ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا ئارقىسىدىكى تېۋشكە قۇلاق سالغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا كەينىگە قارىمىدى.
— ئەي قىز، چىرىغىڭ ئۆچۈپ قالدى. ساڭا ئوت كېرەكمۇ؟
ئۇ گەپ - سۆز قىلماي، ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى.
قاراڭغۇ تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە دەھشەتلىك ئىدى. زېمىن تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق ۋە زۇلمەتلىك كۆرۈندى.
مەن بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم.
— ئەي قىز، مەن چىرىغىڭنى ياققۇچى بولاي. . .

* * *

زېمىننى سۆيۈش ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش بىلەن ئوخشاشتۇر.

* * *

زېمىن ھەربىر ھاياتلىققا بىر كۆپلېتتىن نەزمە ھەدىيە قىلىدۇ. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە نېسىپ بولغان نەزمىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە دۇنيادىن ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

دېڭىز قۇشلىرى دەرەخ شاخلىرىنى ئويلىمايدۇ، ئۇلار پەقەت تىك قىيا تاشلاردىكى ئۇۋىلىرىنىلا ئەسلەيدۇ.

* * *

ئانا بىر تۇپ دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆز مېۋىلىرىنى ئۆزى يېمەيدۇ.

* * *

ھەقىقىي، پاك مۇھەببەت بىلەن قوشۇلغان ئاشىق ـ مەشۇقلار مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

* * *

سەركەردىنىڭ قولىدىكى مەشئەل ماختىنىپ:

— ئەي سەركەردە، مەن بولمىغان بولسام، سەن مەڭگۈ زۇلمەت ئىچىدىن چىقالمايتتىڭ، — دېدى.

سەركەردە جاۋابەن دېدى:

— ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، سەن مەڭگۈ لاۋۇلداپ يانمايتتىڭ.

* * *

بىر قىز دالىدا پەيدا بولدى. ئۇ شۇنچە چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك ئىدى. ئاق لىباستەك كۆينىكى زېمىندىكى يۇمران مايسىلارنى سۆيۈپ تۇراتتى.

ئۇ دالىدىكى چېچىلىپ ياتقان گۈل بەرگىلىرىنى تېرىشكە باشلىدى. گۈل بەرگىلىرى قىزىنىڭ قولىدا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئۇ بەرگىلەرنى گۈگۈم چۈشكەنگە قەدەر يىغدى.

گۈگۈم چۈشۈپ ئەتراپنى زۇلمەت قاپلىدى. بەرگىلەر قىزنىڭ قولىدا نۇرلۇق چىراغقا ئايلاندى. ئۇ نۇرلار دالىنى كۈندۈزدەك يورۇتتى.

*   *   *

ئۆز خىياللىرىنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالىغان ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

*   *   *

تاڭ سەھەردىكى مەيىن شامال چۈش مەزگىلىدىكى پىژغىرىم ئاپتاپقا يېتىپ بارغاندا، ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

*   *   *

دۇنيادىن ھامان كېتىمەن، شۇڭا كېتىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى كۈلدۈرۈشنى ۋە سۆيدۈرۈشنى بىلگىن.

*   *   *

ئەي دۇنيا، مەن قىرغىقىڭغا كەلگەندە سەبىي ھەم پاك ئىدىم. يوللىرىڭدا مېڭىپ ھېيلىگەرلەشتىم، سېنىــى چۈشەنگەندە بولسا رەزىللەشتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

*   *   *

ئۆيۈڭدە بېكىنىپ ئولتۇرما، ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭنى چوقان-سۈرەنلىك زېمىندىن ئىزدە!

*   *   *

مەن كۈلۈۋاتىمەن، قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىمەن. لېكىن زېمىندىكى ئاشۇ ئادەملەر كۈلكەمنىڭ ئازاب قايغۇسىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسە كېرەك.

*   *   *

غىزالىنىش ئۈچۈن داستىخان سېلىنىدى. شاھ، ۋەزىر، بەگ، ئەمىرلەر داستىخانغا قوللىرىنى ئۇزاتتى، لېكىن نامراتلار ۋە يوقسۇللار بولسا، خۇدانى سېغىنىپ يىغلىدى.

*   *   *

دانىشمەنلەر قايغۇرغان چاغلىرىدا، ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋە ئاجايىپ كەشپىياتلارنى قىلالىشى مۇمكىن.

*   *   *

تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە ئىشەنچكە ئىگە ئادەملا مەغرۇر ياشىيالايدۇ ۋە قىممەت يارىتالايدۇ.

*   *   *

مەن قاقشال دەرەخنىڭ ناخشىسىنى، ئاچچىق

خۇرسىنىشلىرىنى، ئەلەملىك چوقانلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا قەلبىمنىڭ نەرە تارتىپ يىغلىغىنىنى ئاڭلايمەن.

يانار تاغلارنىڭ سادالىرىنى، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ غەزەبلىك دولقۇنلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئاشۇ پىغانلىق يىغامدىن توختايمەن.

*　*　*

ئەي ئەزىزىم، مەن سېنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېتىقاد ۋە ئەقىدەمدىن ۋاز كەچمەيمەن. سېنى سۆيۈش ئۈچۈن زاھىتلىق يولىغا كىرمەيمەن، سېنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلمايمەن. شۇنداق قىلسامىلا، مەن سېنى مەڭگۈ سۆيەلەيمەن.

*　*　*

سەن كۆكسۈمگە باش قويۇپ تۇرۇپ باشقا بىرىنى خىيال قىلىۋاتىسەن. قۇچىقىمدا يېتىپ تۇرۇپ باشقا بىرىسىنى سۆيۈۋاتىسەن. سەن نېمىدېگەن بىچارە - ھە!

*　*　*

ئۆيۈم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى. مەن پەقەت كۈل توزۇندىلىرىنى كۆردۈم.

گۈزەللىك ئىچىدىكى چارىبېغىممۇ كۈلگە ئايلاندى. مەن گۈل بەرگىلىرىنىڭ قارىداپ كەتكەن مەسۇم چېھرىنى كۆردۈم.

ئاۋازىم بۇ قاباھەتلىك تراگېدىيە ئىچىدە جىمىپ قالدى.

كۆزلىرىم بۇ چەكسىز يوقۇلۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.

بىر قۇش قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ كۆيۈۋاتقان دەرەخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېخىنى ماكان تۇتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم يېقىملىق ئاۋازى كۆزۈمنى ئاچتى. كۆزۈم گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان بۇيۇك زېمىن، سۆيۈملۈك ھاۋا، مېھرىبان دەريالىرىمنى كۆردى.

ئەي مۇھەببەت، مېنى قۇتقۇزۇۋال، ئەي دوستلۇق، مېنىڭ ئۆزۈڭ سەپىرىمگە جور بول، ئەي ئىشەنچ، مەندىن بارلىق ياردىمىڭنى ئايىما.

* * *

قىلغان ئىبادىتىمنىڭ نۇرلىرى پېشانەمگە چۈشتى. ئارزۇلىرىم چېچەك ئاچتى. مەن كۈچلۈك مۇھەببىتىم بىلەن دۇنيانىڭ غەم ـ تەشۋىشلىرىنى يېڭىپ، غەلىبىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

قولۇمدىكى چىراغ تېخىمۇ يارقىن يورۇقلۇق بەردى.
ئاھ، نۇرلۇق چىراغ، سەن تولىمۇ قەدىرلىكسەن.
مەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

* * *

مۇھەببەت — مېۋە، ئۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار قەلبىدە پىشىپ يېتىلىدۇ.

* * *

ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان دەريا بىر ئۇلۇغ ئانا، ئۇ ئۆز ئاي چەشمىسى بىلەن چاڭقىغان زېمىننى ئېمىتىدۇ.

* * *

سەن زۇلمەتتە تۇغۇلغان قىز، قولۇڭدىكى چىرىغىڭ ھايات يوللىرىڭنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.
سەن تۇندىكى يۇلتۇز، ئازابلىق يۈرەكتىن ئاپىرىدە بولغان مېھىر - مۇھەببەت سېنى خوشاللىققا مۇيەسسەر قىلىدۇ.
سېنىڭ ناخشاڭ زېمىنگە ئۇرۇق بولۇپ چېچىلغان، قەلبىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار زېمىنگە گويا سۆيگۈ كەبى تارالغان.
سەن پانىي دۇنيانىڭ پەرىشتىسى، سۆزلىرىڭ گۈلزاردىكى گۈزەللىكنىڭ گۈل - غۇنچىسى.
ئەي گۈل قامەت ئەزىزىم، ھاياتلىق كېمەمنى ئاشۇ سۆيگۈ دېڭىزدىن ھەيدەپ ئۆتۈشۈمگە ئىجازەت بەرسەڭ.

* * *

ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئادەم ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىمۇ ئويلاپ كەتمەيدۇ.

* * *

مەن جىمجىت قەسرىمدە تەنھا ئولتۇرۇپ، خىياللىرىمنىڭ سايىسىدە سېنى ياد ئېتىمەن.
مەن تىپتىنچ ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ سېنى چاقىرىمەن. بىپايان دۇنياغا تىكىلگەن كۆزلىرىم ئىسمىڭنى چاقىرىدۇ. ساڭا تەلپۈنگەن يۈرىكىم سېنى قەلبىمنىڭ مەبۇدىسى قىلغاچقا، ئۇشبۇ ھاياتىم سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىدۇ.
تېنىم باھار مايسىلىرىدەك بۈيۈك نۇرغا، بۈيۈك مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى

* * *

خوتۇن ئېلىش تولىمۇ ئاسان، بىراق مېھرىبان ۋە سەممىي خوتۇنغا ئېرىشمەك نەقەدەر مۇشكۇل ھەم مۇرەككەپ ـ ھە!

* * *

زېمىن ئادەمگە مېۋە بېرىدۇ. زېمىن بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا ھەممە ـ ھەممىنى بېرىدۇ.

* * *

قىز مىجەز ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش ھاياتنى خارابىلىك ئىچىگە سۆرەپ كىرگەنلىك بولىدۇ.

* * *

زۇلمەت ئىچىدە تۇرسىمۇ، يەلكىسىگە باشقىلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئارتىپ تىك قىيالاردىن ھالقىپ ئۆتكەن، ھاياتلىق يولۇڭغا ئۆز چىرىغىنى يېقىپ، يوللىرىڭنى راۋانلاشتۇرۇپ بەرگەنلەر سېنىڭ دوستۇڭدۇر. سەن ئۇلارنى مەھكەم قوچاقلاپ سۆي.

* * *

كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىڭ سەندىن يىراقلاشسا، سەن ھەرگىزمۇ ئەجەبلەنمە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزى ئەجەبلىنىپ قالىدۇ.

* * *

ئۆز ئارزۇ - ئارمىنىنى بۈيۈك تەگرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقان ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

* * *

بالىلارغا ئۆتمۈش ھەققىدىكى يېڭى - يېڭى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭلار! ئۇلارمۇ چوڭ بولغاندا بالىلارغا بۈگۈن ھەققىدىكى يېڭى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

* * *

مەن ئۆز روھىنى قىلچە سۇندۇرمايدىغان، سەمىمىي ئادەمنى سۆيىمەن.

مەن ئۆز ئارزۇسىنى ئۆز ئېتىقادى ۋە جاسارىتى بىلەن رويابقا چىقارغان مەردانە ئادەمنى سۆيىمەن.

* * *

سۆيۈش قانچىكى تاكاموللاشسا، ئۇنىڭ خەتىرى شۇنچە ئازىيىدۇ.

* * *

نەرسىلەرگە شەك كەلتۈرسەڭ، ئۇلار ھەقىقىي نەرسە بولماي قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلار يىگانە تارىسى



* * *

ئەي يۇمران مايسا، ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن زېمىندىكى جان ـ جانىۋارلارغا سايە بېرەلەيسەن.

* * *

ئورمان ياقىسىدا ئېچىلغان گۈللەر كۆكۈمدىكى گىرىمسەن شولىلارغا: «بىزنى قاراڭغۇلۇقتا تاشلاپ كەتمەڭلار» دېدى.

* * *

بىر قىز ئىككى ئەركەكنى تەڭلا خىيال قىلسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا خىيال.

* * *

قىزنىڭ چىرايلىق رۇخسارى ئۇنى مەڭگۈلۈك بەختكە نائىل قىلدى. قىزنىڭ گۈلدەك تەبەسسۇمى ئۇنى مەڭگۈلۈك ئازابقا مۇپتىلا قىلدى.

* * *

ئۆلۈم قىزلارغا يېقىنلاشقاندا، بارلىق گۈل ـ گىياھلار يىغلايدۇ. ئۆلۈم يىگىتلەرنى سۆيگەندە، بارلىق مەۋجۇتلار سۈكۈتكە چۆمىدۇ.

* * *

ئىتىقاد — ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

* * *

ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيت ـ بەشىرىسىنى باشقىلار ئارقىلىق بىلىدۇ. چۈنكى، باشقىلار ئەڭ سەزگۈر كۆزەتكۈچى.

* * *

دېڭىز دولقۇنى ئۆز قىرغىقىغا: «بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» دەيدۇ.

* * *

تاڭ نۇرىغا يېتىش ئۈچۈن دائىم سەگەك بولۇش كېرەك.

* * *

جەننەت — ھەقىقەتكە ئىشەنگەن، كىشىلىك دۇنيادا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ھاياتلىق يوللىرىدا كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلغانلارنىڭ مەڭگۈلۈك باغچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (3)
ئاپتورى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
قىستۇرما ۋارىقى: 6 باسما تاۋىقى: 13.25
2005 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—09343—7
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 20.00 يۈەن